# خۇدا بىلەن بىللە بولۇش
# ۋە
# روھقا ئائىت ھېكمەتلەر

ئاپتورى: لاۋرېنس

# قوشۇمچە: «ئاخىرقى سۆز»

(ياش ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىللارغا ئاتاپ يېزىلدى)

ئەزىز بالىلىرىم، ئەيسا مەسىھكە باغلىنىپ ياشاڭلار. شۇنداق بولغاندا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە يۈرىكىمىز توق تۇرىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالمايمىز («يۇھاننا يازغان 1-خەت»نىڭ 2-باب، 28-ئايىتى).

# مۇندەرىجە


خۇدا بىلەن بىرگە بولۇش
كىرىش سۆز

سۆھبەتلەر
بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت
ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت
ئۈچىنچى قېتىملىق سۆھبەت
تۆتىنچى قېتىملىق سۆھبەت

خەتلەر
بىرىنچى پارچە خەت
ئىككىنچى پارچە خەت
ئۈچىنچى پارچە خەت
تۆتىنچى پارچە خەت
بەشىنچى پارچە خەت
ئالتىنچى پارچە خەت
يەتتىنچى پارچە خەت
سەككىزىنچى پارچە خەت
توققۇزىنچى پارچە خەت
ئونىنچى پارچە خەت
ئون بىرىنچى پارچە خەت
ئون ئىككىنچى پارچە خەت
ئون ئۈچىنچى پارچە خەت
ئون تۆتىنچى پارچە خەت
ئون بەشىنچى پارچە خەت
ئون ئالتىنچى پارچە خەت

روھقا ئائىت ھېكمەتلەر
كىرىش سۆز
لاۋرېنسىنىڭ روھقا ئائىت ھېكمەتلىرى
يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇش
مەقسىتىگە يېتىشتىكى مەشىق
قانداق قىلغاندا خۇداغا روھتا ۋە

سەممىلىكتە ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ؟
خۇدا بىلەن بىرلىشىش
خۇدا بىلەن بىللە بولۇش
خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتىكى ئۇسۇل
خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنىڭ پايدىسى
لاۋرېنسنىڭ خاراكتېرى
لاۋرېنسنىڭ ئىدىيىلەر توپلىمى
ئاخىرقى سۆز

# خۇدا بىلەن بىللە بولۇش

## كىرىش سۆز

بۇ كىتاب فرانسىيىلىك نىكولاس خېرمان (1611ـ1691) ئەپەندىنىڭ مۇھاكىملەر ۋە سالام خەتلەر توپلىمىدۇر. ئۇ تۆۋەن تەبىقىدىن كېلىپ چىققان بولۇپ، مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن. ئۇ ئەسكەر بولغان ھەم باشقىلارغا ياللىنىپ ئىشلىگەن. ئۇ 1649ـيىلى پارىژدىكى بىر موناستىردا ئاشپەزلىك قىلغان. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇ ئۆز ئىسمىنى لاۋرېنسقا ئۆزگەرتكەن. ئۇ 1691ـيىلى 2ـ ئايدا سەكسەن يېشىدا ئالەمدىن ئۆتكەن.

بۇ كىتابتا جەمئىي تۆت قېتىملىق سۆھبەت خاتىرىلەنگەن بولۇپ، بۇلارنى ئۇنىڭ دوستى بورخون ئەپەندى خاتىرىلەپ قالدۇرغان بولۇشى مۇمكىن. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئون ئالتە پارچە سالام خەت بولۇپ، بۇلارنى لاۋرېنس ئۆزى يازغان. ئۇنىڭ مۇھاكىملىرى ۋە سالام خەتلىرىدە خۇدا بىلەن بولۇشلا تەكىتلىنىدۇ، يەنى خۇدا بىلەن پەقەت دۇئا ئارقىلىقلا بىللە بولغىلى بولۇپلا قالماستىن، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھەتتا ئەڭ ئالدىراش چاغلاردىمۇ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئۇنتۇماسلىق تەكىتلىنىدۇ. لاۋرېنس مانا مۇشۇلارغا ئەمەل قىلىپ ئۆز ھاياتىنى بارغانسېرى پاك ئۆتكۈزگەن ۋە خۇدانى تېخىمۇ سۆيۈپ ھەقىقىي ئىخلاسمەن بولالىغان. ئۇنىڭ ئۈچۈن خۇدادىن باشقا ھەممە نەرسە، ھەتتاكى بۇ دۇنيامۇ قۇپقۇرۇق بىلىنەتتى. ئۇ خۇدا بولغاندىلا، ھەممە نەرسە بولىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن تولغانىدى. ئۇنىڭ ئەھۋالى خۇددى زەبۇرنىڭ 73ـ باب، 25ـ ئايىتىدە ئېيتىلغاندەكىدى. يەنى،«ئاسماندا سەندىن باشقا كىمىم بار؟ زېمىندا سەندىن باشقا ئىنتىلىدىغان نەرسەم يوق» دېگەندەكىدى. ئۇنىڭ خۇدا بىلەن بىللە بولغان ۋاقتى 40 يىلدىن ئاشىدۇ. ئۇ بۇنى ئۆزىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك نەرسىسى ھېسابلايدۇ. شۇڭا، ئۇ باشقىلارغا زېرىكمەي نەسىھەت قىلىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى كىشىلەرنىڭ روھىنى سۇغىرالايدۇ. خۇدانى چىن قەلبىتىن سۆيگۈچىلەر ئۇنىڭ سۆزلىرىنىڭ قىممىتىنى ھېس قىلالايدۇ.

# سۆھبەتلەر

## بىرىنچى قېتىملىق سۆھبەت

### (1666ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى)

مېنىڭ لاۋرېنس ئەپەندىنى تۇنجى قېتىم كۆرگەن كۈنۈم 1666ـ يىلى 8ـ ئاينىڭ 3ـ كۈنى ئىدى. ئۇ ماڭا مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇ 18 يېشىدا توۋا قىلىپ خۇداغا ئىشەنگەن چېغىدا، خۇدا ئۇنىڭغا ئاجايىپ بىر ئىلتىپاتنى كۆرسەتكەنىكەن. شۇ يىلى قىشتا، ئۇ دەرەخ يوپۇرماقلىرىنىڭ غازاڭ بولۇپ يەرگە چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپتۇ ھەم شۇ ۋاقتىنىڭ ئۆزىدىلا يوپۇرماقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆتمەي قايتا بىخ چىقىرىدىغانلىقىنى، دەرەخلەرنىڭ يەنە مېۋە بېرىدىغانلىقىنى ئويلاپتۇـدە، خۇدانىڭ ئاجايىپ قۇدرىتىگە ھەيران قاپتۇ. بۇ ئىش ئۇنىڭغا كۈچلۈك تەسىر قىلىپتۇ ھەم بۇنى مەڭگۈ ئۇنتۇيالماپتۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئۇ بۇ دۇنيانى پۈتۈنلەي تاشلاپ («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»نىڭ 14ـباب، 33ـئايىتىدىن پايدىلىنىڭ)، خۇدانى سۆيۈشكە بەل باغلاپ قەسەم ئىچىپتۇ. ئۇنىڭ خۇدانى سۆيۈشتىكى ھېسسىياتى ناھايىتى كۈچلۈك بولغانىكەن.

ئۇ ئىلگىرى فوببېرت ئەپەندىنىڭ مالىيى بولغان. ئۇ موناستىرغا كىرىپ ئۆزىنى ئۆزگەرتمەكچى بولغان بولسىمۇ، خۇدا ئۇنىڭغا ئىجازەت بەرمىگەن. شۇڭا، ئۇ ئۆزىنىڭ ئەينى چاغدىكى ئەھۋالىغا شۈكۈر قىلغان.

ئەگەر بىز خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئارزۇ قىلساق، خۇدا بىلەن توختىماي ئالاقە قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. خۇدا بىلەن بولغان ئالاقىنى ئۈزۈپ، ئۇششاق-چۈشەك ئىشلارنى ئويلاش بەكمۇ ئەخمىقانىلىك. ئەگەر بىز خۇدانىڭ خىزمىتىدە بولۇپ، خۇدانىڭ ھاياتىمىزنى تويۇندۇرۇشى ۋە تولدۇرۇشىغا ئېرىشسەك، بىز چوڭ خۇشاللىققا ئېرىشىمىز.

بىزدىكى ئىشەنچ ھەقىقىي ئىشەنچ بولۇشى كېرەك. ئىشەنچنىڭ ئاجىزلىقى ھەقىقەتەنمۇ ئازابلىنارلىق بىر ئىش. بىز ئىشەنچنى ھەرىكىتىمىزنىڭ ئاساسى قىلىشىمىز كېرەك. ئىشەنچ ھاياتىمىزنى مۇكەممەللەشتۈرۈشكە يېتەرلىكتۇر. بىز ئۆزىمىزنىڭ بارلىق ئىشلىرىنى، مەيلى ئۇ روھقا ئالاقىدار ياكى بۇ دۇنياغا تەۋە ئىشلار بولسۇن، ھەممىنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى ئىزدىشىمىز، ئۇنىڭ ئىرادىسىنى قانائەتلەندۈرۈش ئۈچۈن، مەيلى خۇشاللىق، مەيلى خاپىلىق بولسۇن، ھەممىنى ئوخشاش قوبۇل قىلىشقا تەييار تۇرۇشىمىز كېرەك. خۇدانى ھەقىقىي سۆيىدىغان ئادەم چوقۇم مۇشۇنداق قىلالايدۇ. سىز دۇئا قىلغان چېغىڭىزدا، مەنىسىزلىك ھېس قىلىپ ئازابلانغىنىڭىزدا، ساداقەتمەنلىككە موھتاج بولىسىز. چۈنكى، خۇدا بۇ ئارقىلىق سىزنىڭ مېھىر-مۇھەببىتىڭىزنى سىنايدۇ. دەل مۇشۇ چاغدا، سىز خۇدانىڭ يېنىغا بېرىڭ. ئۇنىڭ بىلەن تەنھا سىردىشىڭ؛ مۇشۇنداق

بولغاندا، سىزنىڭ روھىيىتىڭىزدە چوڭ بۆسۈش بولىدۇ.

لاۋرېنس بۇ دۇنيانىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرىگە نىسبەتەن ئىلگىرىكىدەك ھەيران قالماستىن، ئەكسىچە خۇدانىڭ ھەرقانچە رەزىللىك ۋە گۇناھقىمۇ تاقابىل تۇرالايدىغانلىقىغا ھەيران بولىدىكەن. ئۇ بۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلغاندا، ئازابلانمايدىكەن. بىز خۇدانىڭ ئالدىغا بارغاندا، بىر ئىشقا يەنى، كەيپىياتىمىزغا چوقۇم دىققەت قىلىشىمىز كېرەك. چۈنكى، بىزنىڭ كەيپىياتىمىز تەبىئىي نەرسىلەر بىلەنمۇ، شۇنىڭدەك روھقا ئائىت ئىشلار بىلەنمۇ ئارىلىشىپ كېتىدۇ. بىراق، خۇدا ئۆزىنى چىن قەلبىتىن سۆيگەنلەرگە ئىلتىپات ئاتا قىلىدۇ.

# ئىككىنچى قېتىملىق سۆھبەت

(1666-يىلى 9- ئاينىڭ 28-كۈنى)

لاۋرېنس دائىم مۇھەببەتتە بولۇشنى ياخشى كۆرىدىكەن، ئۆزى ھېچقانداق پىكىردە بولمايدىكەن. چۈنكى، ئۇ خۇدانى سۆيۈشنى بارلىق ھەرىكەتلىرىنىڭ نىشانى قىلىدىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىش ئۇسۇلىدىن بەكمۇ رازىكەن. خۇدانى سۆيگەنلىك سەۋەبىدىن، يەردىن بىرەر تال ئوت-چۆپ تېرىۋالسىمۇ، خۇشاللىق ھېس قىلىدىكەن. شۇڭا، ئۇ ھېچنېمىنى تىلىمەيدىكەن، پەقەتلا خۇدانى ئىزدەيدىكەن، ھەتتا خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنىمۇ كۈتمەيدىكەن. ئۇ بىر مەزگىل قاتتىق ئازابلىنىپتۇ، چۈنكى ئۇ ئۆزىنىڭ ئۆلۈپ كېتىدىغانلىقىغا ئىشىنىپتۇ. ئۇنى ھېچقانداق ئادەم بۇ ئوي-پىكىردىن نەسىھەت قىلىپمۇ ياندۇرالماپتۇ. ئۇ دائىم مۇنداق ئويلايدىكەن «مېنىڭ مۇقەددەس ۋەزىپە ئۆتىگۈچى بولغۇم يوق، مەن خۇدانى سۆيۈش سەۋەبىدىن موناستىرغا كىردىم. مېنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقلىرىم يەنىلا خۇدانى سۆيۈش ئۈچۈن، مەيلى مەن ئۆلۈپ كېتەي ياكى قۇتقۇزۇلاي، مەن ھەممىشە پەقەت خۇدانىلا سۆيىمەن. ھېچ بولمىغاندا، مەن خۇدانى سۆيگەنلىكىمنىڭ ئەجرىگە ئېرىشەلەيمەن. مەن سەكراتقا چۈشكەن ۋاقتىمدىمۇ بارلىقىم خۇدانى سۆيۈش بىلەن ئاخىرلىشىدۇ». ئۇ مۇشۇلارنى ئويلاپ، تۆت يىلدەك ئازابلىنىپتۇ. شۇنىڭدىن كېيىن، ئۇنىڭ ھاياتى ئەركىنلىك ئىچىدە، ئىزچىل خۇشاللىققا چۆمۈپتۇ. ئۇ ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىنى خۇدانىڭ ئالدىغا قويۇپتۇ. دېمەكچى، ئۇ ئۆزىنى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا لايىق ئەمەس دەپ ئويلايدىكەن، لېكىن خۇدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ مول ئىلتىپاتىنى تەقدىم قىپتۇ.

ئەگەر بىزدە خۇدا بىلەن ھەر ۋاقىت ئالاقىلىشىپ تۇرىدىغان ئادەت بولسا، خۇدانى دەسلەپىدىلا تىرىشىپ ئىزدىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلسىڭىز، كېيىنكى كۈنلەردە خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى كۆرەلەيسىز. بۇ مۇھەببەت سىزنىڭ قەلبىڭىزدە بولۇپ، سىزنى خۇدانى داۋاملىق سۆيۈشىڭىز ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقىلىشىڭىز ئۈچۈن رىغبەتلەندۈرۈپ تۇرىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، سىزگە خۇدانى سۆيۈش تەس توختىمايدۇ.

لاۋرېنس ئاسمانىنىڭ داۋاملىق كۆك پېتى تۇرمايدىغانلىقىنى، كىشىلىك ھايات سەپىرىنىڭ تۈرلۈك-تۈمەن ئۆزگىرىشلەر بىلەن تولغانلىقىنى، شۇنىڭ ئۈچۈن بېشىغا ئازابلىق ئىشلار كەلسىمۇ، ئۆزىنىڭ قەددىنى يەنىلا رۇسلاپ تۇرالايدىغانلىقىنى بىلەتتى. چۈنكى، ئۇ ئۆزىگىلا تايانغاندا، ھېچ ئىشنى ۋۇجۇدقا چىقىرالمايدىغانلىقىنى بىلەتتى. لېكىن، خۇدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىكلىكىنى يوقاتمايدۇ. شۇڭا، ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىگە يېتەرلىك كۈچ-قۇدرەت بېرىپ، قىيىنچىلىقلارغا تاقابىل تۇرغۇزىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

لاۋرېنس ئۆزىگە گۈزەل ئەخلاق-پەزىلىتىنى كۆرسىتىدىغان پۇرسەت كەلگەندە، خۇداغا :

«ئى خۇدا، ئەگەر سىز ماڭا كۈچ ئاتا قىلمىغان بولسىڭىز، مەن ھېچنېمە قىلالمايتتىم» دەيتتى-دە، تىلىگىنىدىنمۇ ئارتۇقراق كۈچ-قۇدرەتكە ئېرىشەتتى. ئەگەر ئۇ بىرەر ئىشتا مەسئۇلىيىتىنى ئادا قىلالمىسا، بىر تەرەپتىن خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھىنى تونۇسا، يەنە بىر تەرەپتىن خۇداغا: «ئى خۇدا! سىز مەندىن ئازراقلا يىراقلاشسىڭىز، مېنىڭ ھالىمغا ۋاي؛ مېنىڭ يىقىلىپ چۈشمەسلىكىم سىزنىڭ سەۋەبىڭىزدىن، يەنى سىزنىڭ ماڭا مەغلۇپ بولماسلىقىم ئۈچۈن ياردەم قىلىپ، كەم جايلىرىمنى تولۇقلىغانلىقىڭىزدىندۇر» دەيتتى. ئۇ خاتالىقلىرىنى مانا مۇشۇنداق تونۇغاندىن كېيىن، ئۆتكۈزگەن خاتالىقلىرىغا ئازابلانمايتتى.

ھەر قېتىم بىرەر ئىشقا يولۇققاندا، بىز خۇدانىڭ ئالدىغا ئەڭ ئاددىي ئىشەنچ ھەم ئەڭ سەممىي ۋە ئەڭ راستچىل پوزىتسىيە بىلەن كېلىپ، ئۇنىڭدىن ياردەم تىلىسەك، خۇدانىڭ مەڭگۈ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالالايمىز، ئۇ ھامان بىزگە شاپائەت قىلىدۇ، دەپ قارايتتى. ئۇ بىر قېتىم، بورگۇنداي دېگەن جايغا ھاراق سېتىۋېلىشقا ئەۋەتىلىدۇ. ئەينى چاغدا، ئۇنىڭ پۇتى ئاغرىق بولغاچقا، ھەرىكەتلىنىشتە قىينىلىپتۇ. شۇڭا بېرىشنى خالىماپتۇ. شۇنداقتىمۇ، ئۇ بارلىق قىيىنچىلىقلارنى يېڭىپ، خۇداغا: «مەن سىز ئۈچۈن ئىشلەۋاتىمەنغۇ» دەپتۇ. نەتىجىدە، ئۇ ھەممە ئىشلارنى ئوڭۇشلۇق تاماملاپتۇ. كېيىن، ئۇ ئاشخانىدا ئىشلەشكە بۇيرۇلۇپتۇ. ئۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىنى ئەزەلدىن ياقتۇرمايدىكەن. لېكىن، ئۇ ھەرقانداق ئىشنى خۇدانى سۆيگەنلىكى ئۈچۈن قىلىدىغان بولغاچقا، ئۇ ھەممە ئىشتا خۇدادىن دۇئا ئارقىلىق شاپائەت تىلەپ، ئۇنىڭدىن خىزمەت قىلىش ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈشنى ئۆتۈنىدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭغا ھەممە ئىش ئاسان تۇيۇلۇپ، پەقەت قىيىنچىلىق ھېس قىلمايدىكەن. شۇنداق قىلىپ، ئۇنىڭ ھاياتى 15 يىل خۇشال-خۇراملىقتا مانا مۇشۇنداق ئۆتۈپتۇ. ئۇ بىرەر ئىشنى قىلىش ياكى قىلماسلىقنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە بېكىتمەيدىكەن. ئۇ قىلغان ھەر بىر ئىشىدىن خۇشاللىق تاپالايدىكەن، چۈنكى، ئۇ ھەرقانداق بىر كىچىك ئىشنىمۇ خۇدانى سۆيگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلىدىكەن.

ئۇنىڭغا نىسبەتەن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ دۇئا قىلىش بىلەن ئادەتتىكى

چاغلاردىمۇ دۇئا قىلىشنىڭ پەرقى يوق ئىكەن. گەرچە يۇقىرىدىن مەخسۇس ۋاقىت ئاجرىتىپ دۇئا قىلىش بەلگىلەنگەن بولسىمۇ، ئۇ بۇنداق بەلگىلىمىگە ئېھتىياجلىق ئەمەسكەن. چۈنكى، ئۇ ھەرقانچە چوڭ ئىش بولۇپ كېتىشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدادىن ئەسلا ئايرىلمايدىكەن.

ئۇ ئۆزىنىڭ خۇدانى سۆيۈشكە ھەر ۋاقىت ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، چۈنكى ئۇ بۇنى خالايتتى. ئۇنىڭغا مەسلىھەتچى كەتمەيتتى. ئۇنىڭ ئۆز خاتالىقلىرىغا بولغان سەزگۈرلۈكى ناھايىتى كۈچلۈك ئىدى، لېكىن ئۇ خاتالىقلىرىدىن ئۈمىدسىزلىنىپ كەتمەي، خۇدانىڭ ئالدىدا خاتالىقلىرىنى تونۇيتتى. ئۇ ئازابلانغان چاغلىرىدا، باشقىلارغا دەردىنى تۆكۈپ يۈرمەيتتى. ئۇ خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشىنەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئىشلارنى خۇدا ئۈچۈن قىلغانلىقىدىن رازى بولاتتى. ئۇ ھەممە ھەرىكەتلىرىدە خۇدانىلا خۇشال قىلىشنى ئويلايتتى.

قالايمىقان ئوي-پىكىرلەردە بولۇش ئەڭ خەتەرلىك. مۇنداق ئويلار بالا-قازانىڭ باشلىنىشىدۇر. بۇ ئوي-پىكىرلەر قۇتقۇزۇلۇش بىلەن پۈتۈنلەي مۇناسىۋەتسىز، شۇنداقلا بۇلار ياخشى ئىش ئەمەس. شۇڭا، سىز بۇ ئوي-پىكىرلەرنى كاللىڭىزدىن چىقىرىۋېتىپ، خۇدا بىلەن قايتىدىن ئالاقىلىشىڭ. دەسلەپتە، ئۇ ۋاقىت بېكىتىپ دۇئا قىلاتتى، قالايمىقان ئوي-پىكىرلەرنى رەت قىلىپ تۇرسىمۇ، بۇ ئوي-پىكىرلەردىن خالىي بولالمايتتى. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنىڭ ۋە شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى كونترول قىلىشنىڭ پايدىسى يوقلۇقىنى، خۇدا بىلەن پەقەت مۇھەببەت ئارقىلىق بىرلەشكەندە، خۇدانى داۋاملىق سۆيگەندە، ھەممە ئىشنى خۇدا ئۈچۈن قىلغاندا ۋە خۇدانىڭ ئالدىغا بىۋاستە بارغاندىلا، شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى كونترول قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى؛ بىزنىڭ بىردىنبىر قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمىزنىڭ ئىرادە باغلاپ خۇدانى سۆيۈش ۋە خۇدانى خۇشال قىلىش ئىكەنلىكىنى چۈشىنىپ يەتكەندى. ئەگەر خۇدانىڭ مۇھەببىتى بولمىسا، بارلىق شەخسىي ئارزۇ-ھەۋەسلەرنى كونترول قىلغىلى بولمايلا قالماستىن، ھەتتا كىچىككىنە گۇناھتىنمۇ خالىي بولغىلى بولمايدۇ. بىز شۇنى چوڭقۇر ھېس قىلىشىمىز كېرەككى، گۇناھلىرىمىزنىڭ كەچۈرۈم بولۇشى ئەيسا مەسىھنىڭ قېنى سەۋەبىدىن بولغان. خۇدانى پەقەت پۈتۈن كۈچىمىز، پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن سۆيگەندىلا، خۇدا ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتنى بىز گۇناھكارلارغا كۆرسىتىپ، ئۆزىنىڭ رەھىمدىللىكىنى ۋە مېھىر-مۇھەببىتىنى ئاشكارىلايدۇ.

دۇنيادىكى ئەڭ زور ئازاب ۋە ئەڭ زور خۇشاللىقنى مەنىۋى ئازاب ۋە خۇشاللىق بىلەن سېلىشتۇرغىلى بولمايدۇ. لاۋرېنس ھەممىنى ئۆز بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ باققان، شۇڭا ئۇ ھېچنېمىدىن غەم قىلمايتتى ھەم قورقمايتتى. ئۇ پەقەت بىرلا ئىشقا موھتاج، ئۇ بولسىمۇ خۇدانى رەنجىتمەسلىكتۇر. ئۇ ئۆز-ئۆزىدىن ئاغرىنمايتتى. لاۋرېنس: «مەن بىر ئىشنى خاتا قىلغاندا، خاتالىقىمنى دەرھال

بوينۇمغا ئېلىپ، مەن ئەسلىدە توغرا قىلىشىم كېرەك ئىدى، خۇدا سىز مەندىن ئازراقلا يىراقلاشسىڭىز، مەن مەسئۇلىيىتىمنى مەڭگۈ ئادا قىلالمايمەن، دەيمەن» دەيتتى.

## ئۈچىنچى قېتىملىق سۆھبەت

(1666- يىلى 11- ئاينىڭ 22-كۈنى)

لاۋرېنس ماڭا يەنە مۇنۇلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ ئاساسى دەل خۇداغا قارىتا ئىشەنچ ئارقىلىق ئەڭ ئالىي كۆز قاراش ۋە تونۇشتا بولغانلىقىدىكەن. ئۇ مۇشۇ كۆز قاراشقا كەلگەندىن كېيىن، باشقا ئىشلارغا پەرۋا قىلماي، كاللىسىدىكى باشقا ئوي-خىياللارنى رەت قىلىپ، ھەممە ئىشلارنى خۇدانى سۆيگەنلىكى يۈزىسىدىن قىلغان.

ئۇ خۇدانى ئۇنتۇپ قالغان چاغلىرىدا، ئۆزىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە گۇناھكارلىقىغا تېخىمۇ ئىقرار بولىدىكەن-دە، خۇداغا بولغان ئىشەنچى ئاشىدىكەن. بىزنىڭ خۇداغا تايىنىپ ئۇنىڭغا ئىشىنىشىمىز خۇدانى ئۇلۇغلاش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا خۇدانىڭ بىزگە تېخىمۇ كۆپ ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىشى ئۈچۈندۇر.

خۇدا پۈتۈن قەلبى بىلەن ئۆزىگە ئىشەنگەن ۋە ئۆزى ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەتلەرگە بەرداشلىق بەرگەن ئادەمنى ھەرگىزمۇ ئۇزاق مۇددەت ئازاب چەكتۈرمەيدۇ. چۈنكى، خۇدا ئەزەلدىن ئىشەنچلىك ۋە ئۆز-ئۆزىگە قارشى تۇرمايدۇ.

لاۋرېنس نۇرغۇن ئىشلاردا خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنى ئۆز تەجرىبىسىدە كۆرگەن. ئۇ بىرەر ئىش قىلىشتا، ھەرگىز ئالدىن پىلانلاپ تەييارلىق قىلمايتتى. ۋاقىت كەلگەندە، ئۇ خۇدادىن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنىڭ جاۋابىنى ئېنىق بىلەتتى. بۇ ئۇنىڭ يېقىندىن بۇيانقى تەسراتى. ئىلگىرى، ئۇ ئۆز ئىشلىرىدىن كۆپ غەم قىلاتتى.

ئۇ ئىلگىرىكى ئىشلارنى ئەستە ساقلىمايتتى. ئۇ پەقەت بىرلا ئىشنى ئەستە ساقلايتتى، ئۇ بولسىمۇ ھەممە ئىشنى خۇدا ئۈچۈن قىلىش. ئۇ ھەممە ئىشتا خۇداغا رەھمەت ئېيتاتتى. ئۇ ھەممە ئىشلارنى ناھايىتى ئاددىيلا قىلاتتى ھەم خۇدا بىلەن دائىم بىللە بولاتتى. ئۇ بەزىدە خۇدانى ئىشلىرىنىڭ بەك ئالدىراشلىقى تۈپەيلىدىن ئازراقلا ئويلىماي قالسا، خۇدا ئۇنى ئاگاھلاندۇرىدىكەن.

ئۇنىڭ ئەڭ زور ئازابى خۇدا توغرىسىدىكى سېزىمىنى يوقىتىپ قويۇش ئىدى. ئۇ بۇ نۇقتىنى خېلى بۇرۇنلا بايقىغانىكەن. لېكىن، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى سەۋەبىدىن ئۇ خۇدانىڭ ھەرگىز ئۆزىنى تاشلىۋەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتى، شۇنداقلا بىرەر ئىشقا دۇچ كەلگەندە، خۇدانىڭ ئۆزىنىڭ ئۇ ئىشلارنى كۆتۈرۈپ كېتەلىشى ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدىغانلىقىغىمۇ ئىشىنەتتى. شۇڭا، ئۇ ھېچنېمىدىن قورقمايتتى ھەم ئۆزىنىڭ مەنىۋى ھاياتى توغرىسىدا بىرەرسى بىلەنمۇ مەسلىھەتلەشمەيتتى.

ئەكسىچە، مۇشۇنداق قىلىپ قالسا، ئۆزىدىن ئەنسىرەپ قالاتتى. چۈنكى، ئۇ خۇدا ئۈچۈن ئۆز ھاياتىنى بېغىشلىغاچقا، ھېچنېمىدىن قورقمايتتى. دېمەك، خۇداغا پۈتۈنلەي بويسۇنۇش جەننەتكە بېرىشنىڭ يولى ھەم مۇشۇنداق قىلغاندا يېتەرلىك يورۇقلۇققا ئىگە بولىمىز-دە، ھەرىكەتلىرىمىز يورۇقلۇقنىڭ ئاستىدا ئېلىپ بېرىلىدۇ.

خۇداغا ئىشەنگەن چېغىمىزدىن باشلاپلا، سەممىمىي، سادىق بولۇپ، ئۆزىمىزنى خۇداغا ئاتىشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا، بىز تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز خۇشاللىققا ئېرىشەلەيمىز. مۈشكۈللۈككە يولۇققاندا، پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ ياردىمىنى ۋە ئىلتىپاتىنى تىلىسەكلا، ھەممە ئىشلىرىمىز ئاسان بولىدۇ.

نۇرغۇن ئېتىقادچىلارنىڭ روھىي جەھەتتە ئالغا باسالماسلىقىدىكى سەۋەب ئۇلارنىڭ توۋا قىلىش ۋە گۇناھقا تاقابىل تۇرۇشقا بىرتەرەپلىمە ھالدا بەك بېرىلىپ كېتىپ، خۇدانى سۆيۈشنى ئۆزىنىڭ نىشانى قىلىشنى ئۇنتۇپ قالغانلىقىدۇر. بۇلارنى ئۇلارنىڭ ھەرىكەتلىرىدىن ناھايىتى ئاسانلا كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. بۇمۇ ئۇلاردا ھەقىقىي گۈزەل ئەخلاقنىڭ كەملىكىدىندۇر.

خۇداغا يېقىنلىشىشتا تېخنىكا ۋە بىلىم تەلەپ قىلىنمايدۇ. پەقەت خۇدا ئۈچۈن ياشايدىغان، ئۇنىلا ئويلايدىغان ۋە ئۇنى سۆيىدىغان قەلب بولسىلا كۇپايە.

## تۆتىنچى قېتىملىق سۆھبەت

(1667- يىلى 11- ئاينىڭ 25- كۈنى)

مەن لاۋرېنس ئەپەندى بىلەن ناھايىتى كۆپ قېتىم سەممىمىي سۆھبەتتە بولدۇم. مەن ئۇنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىش ئۇسۇلى توغرىسىدا يەنە تۆۋەندىكىلەرنى بايان قىلىمەن.

ئۇ ماڭا مۇنداق دەيدۇ: «ئەگەر بىز خۇدا بىلەن توختىماي ئالاقىلىشىپ تۇرىمىز دەيدىكەنمىز، بىزنى خۇدادىن يىراقلاشتۇرىدىغان ھەرقانداق نەرسىنى چىن قەلبىمىزدىن رەت قىلىشىمىز كېرەك. ئەمەلىيەتتە، بۇ بەكمۇ سىرلىق ئىش بولماستىن، بەلكى ناھايىتى ئاددىي بىر ئىش. بىز پەقەت خۇدانىڭ بىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىغا ئىشەنسەك، ئۇنىڭ بىلەن ھەر ۋاقىت پاراڭلاشساق، قىيىنچىلىقلارغا يولۇققان چاغلىرىمىزدا، ئۇنىڭدىن ياردەم سورىساق ھەمدە ھەر بىر ئىشقا نىسبەتەن ئۇنىڭ ئۆز ئىرادىسىنى بىزگە بىلدۈرۈشىنى تىلىسەكلا بولىدۇ. بىز بىرەر ئىشنى خۇدانىڭ بىزگە قىلدۇرماقچى بولغانلىقىنى بىلسەك، مۇشۇ ئىشنى ياخشى قىلىپ كېتىش ئۈچۈن، خۇدادىن ئىلتىپات تىلەيلى. بۇ ئىشنى قىلىشنى تېخى باشلىمىغان چېغىمىزدا، بۇ ئىشنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرايلى، ئىشنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن، خۇداغا رەھمەت ئېيتايلى.

خۇدا بىلەن پاراڭلاشقان چاغدا، ئۇنىڭ شاپائىتى ۋە ياخشىلىقى ئۈچۈن،

ئۇنىڭغا ئۆز ھۆرمىتىمىزنى بىلدۈرۈپ، ئۇنى مەدھىيىلەيلى، ئۇنى توختىماي سۆيەيلى!

بىز گۇناھلىرىمىزدىن ئۈمىدسىزلەنمەي، خۇدانىڭ چەكسىز مۇھەببىتىگە تايىنىپ، خۇدانىڭ ئالدىغا كېلەيلى. خۇدادىن تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن ئىلتىپات تىلەيلى. خۇدا ئۆز ئىلتىپاتىنى بىزگە ئاتا قىلماي قالمايدۇ. پەقەت قەلبىمىز خۇدادىن ئايرىلمىسا ھەم خۇدادىن ياردەم تىلەشنى ئۇنتۇمىساقلا، خۇدا بىزنىڭ تىلەكلىرىمىزگە ھامان ماقۇل بولىدۇ. گەرچە ئالدىمىزدىكى قىيىنچىلىق زور بولسىمۇ، بىز ئۇنىلا خۇشال قىلساق، ئۇنىلا سۆيسەك، خۇدا ئۆز نۇرىنى بىزگە چاچىدۇ.

بىزنىڭ مۇقەددەس بولۇشىمىز بىزنىڭ قانداق خىزمەتنى قىلىشىمىزغا باغلىق بولماستىن، بەلكى بىزنىڭ بۇ خىزمەتنى خۇدا ئۈچۈن قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىمىزغا باغلىق. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بەزىلەر ئۆزىنىلا ئويلاپ ۋە ئۆز خىزمىتىدە نەتىجىگە ئېرىشىشنىلا قوغلىشىپ، خۇدا ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلمايدۇ. لاۋرېنسنىڭ ئەڭ ياخشى ئۇسۇلى شۇكى، كۈندىلىك خىزمەتتە ئۇنىڭ پەقەت بىرلا مەقسىتى بار، ئۇ بولسىمۇ ئادەملەرنىڭ خۇشاللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش ئەمەس، بەلكى خۇدانى خۇشال قىلىشنى ئىزدەشتۇر.

دۇئا قىلىدىغان ۋاقىت بىلەن باشقا ۋاقىتلارنىڭ پەرقى بار، دەپ ئويلاپ قالماڭ. بىزنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىشىمىز مەيلى خىزمەت ۋاقتىدا بولسۇن، مەيلى دۇئا ۋاقتىدا بولسۇن، مۇتلەق ئوخشاش بولۇشى كېرەك.

لاۋرېنسنىڭ دۇئاغا نىسبەتەن باشقا ئالاھىدە كۆزقارىشى يوق. ئۇ خۇدانىڭ بىز بىلەن ھەر ۋاقىت بىللە ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. خۇدانىڭ مۇھەببىتىنى ھېس قىلىشتىن باشقا، ھېچ نەرسىگە پەرۋا قىلمايدۇ. ئۇ دۇئا قىلىپ بولغاندىن كېيىن، يەنىلا خۇداغا ھەمدۇ-سانا ئوقۇيدۇ. شۇڭا، ئۇنىڭ تۇرمۇشى خۇشاللىق ئىچىدە ئۆتىدۇ. ئۇ روھىي جەھەتتە ئۆسۈپ يېتىلگەنسېرى، خۇدانىڭ ئۆزىگە تېخىمۇ كۆپ جاپالارنى بېرىشىنى ئۈمىد قىلىدۇ.

بىز ئۆزىمىزنى چىن قەلبىمىزدىن خۇداغا تاپشۇرۇپ، مەڭگۈ پۇشايمان قىلمىساق ۋە ئۇنىڭغا مۇتلەق بويسۇنساق، خۇدا بىزنى مەڭگۈ نائۈمىد قالدۇرمايدۇ.

گەرچە خۇدا ئۈچۈن قىلغان ئىشىمىز ناھايىتى كىچىك بىر ئىش بولسىمۇ، ئۇنىڭغا سەل قاراشقا بولمايدۇ. چۈنكى، خۇدا قىلغان ئىشىمىزنىڭ چوڭ-كىچىكلىكىگە ئەمەس، بەلكى بۇ ئىشنى ئۆزىگە بولغان مۇھەببەت سەۋەبىدىن قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىمىزغا قارايدۇ. ئىشنى دەسلەپتە باشلىغاندا، مەغلۇبىيەتتىن خالىي بولالماسلىقىمىز مۇمكىن، لېكىن ھېچقىسى يوق. كېيىنچە، خۇدانى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا يېقىنلىشىش ئادىتىنى تەبىئىي ھالدىلا يېتىلدۈرىمىز. ئەنسىرىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق ھەم مۇشۇنداق قىلغانلىقىمىزدىن زور خۇشاللىق تاپالايمىز.

يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇشنىڭ سىرى دەل ئىشەنچ، ئۈمىد ۋە مۇھەببەتتە. بىز بۇلارنى تۇرمۇشىمىزغا دائىم قوللانساق، خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن بىرلىشەلەيمىز. باشقا نەرسىلەر مۇھىم ئەمەس. ئىشەنچ تۇرغۇزغان ئادەم ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ، ئۈمىد باغلىغان ئادەمگە ھەرقانداق ئىش قىيىن ئەمەس، مۇھەببەتلىك كىشىگە ھەممە ئىش ئاسان. بۇ ئۈچ ئامىلنى داۋاملىق قوللانغان ئادەمنىڭ يۈكى بارغانسېرى يېنىكلەيدۇ. بىز بىرلا مەقسەتكە، يەنى بۇ دۇنيادا ئىخلاسمەن ئىبادەت قىلغۇچى بولۇش مەقسىتىگە يېتىشىمىز لازىم.

بىز يېتىلگەن ئېتىقادچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويغان چېغىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ زادى قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىشىمىز كېرەك. بىز ھەقىقي ئېتىقادچى بولۇشقا لايىق كەلمىسەك، كەمسىتىلىشكە، تۈرلۈك ئاۋارىچىلىكلەرگە، قىيىنچىلىقلارغا ۋە ئوڭۇشسىزلىقلارغا ئۇچرايمىز. خۇدا ھەر خىل ئىچكى-تاشقى مۈشكۈلاتلار بىلەن ئادەملەرنى كەمتەر قىلىدۇ. كېيىنچە، بىز باشقا ئادەملەردىن كېلىدىغان قايغۇ، سىناق، قارشىلىق ۋە توقۇنۇش قاتارلىقلارغا ھەيران قالمايدىغان بولىمىز. بىز بارلىق قىيىنچىلىقلارنى خۇشاللىق بىلەن قوبۇل قىلىشىمىز؛ خۇدا خۇشال بولسىلا، سەۋر-تاقەتلىك بولۇشىمىز لازىم. چۈنكى، بۇنىڭ بىزگە پايدىسى كۆپ.

ھاياتىمىزنىڭ ئەڭ يۈكسەك ۋە مۇكەممەل ئىپادىسى خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا تېخىمۇ تايىنىش بولۇشى كېرەك. بىرەيلەن لاۋرېنتىستىن: «سىز قانداق ئۇسۇل ئارقىلىق خۇدا بىلەن دائىم بىللە بولالايسىز؟» دەپ سوراپتۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق ئوي-پىكرى ۋە بارلىق ئۈمىدىنىڭ خۇداغا مەنسۇپ ئىكەنلىكىنى، ھەممە ئىشنى خۇدا ئۈچۈن قىلىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئەڭ دەسلەپ ئۆگەنگەندە، بىر نەچچە سائەت سەرپ قىلىپ، دۇئا قىلغاندا خۇدانى ئويلاپ، قەلبىنى خۇدانىڭ تەسىرى بىلەن تولدۇراتتى. ئۇ خۇداغا بولغان ھۆرمەت كەيپىياتىغا كۆپرەك، بىرەر ئىشنىڭ سەۋەبىگە ۋە گۈزەل خىياللارغا بەك ئاز ئەھمىيەت بېرەتتى. ئۇ مانا مۇشۇ ئاددىي ۋە كەسكىن ئۇسۇلنى خۇدانى سۆيۈش ئىشىدا ئىشلىتىپ، ھاياتىنى كۈچىنىڭ بارىچە خۇدا بىلەن داۋاملىق بىللە بولۇش ئىچىدە ئۆتكۈزگەن. ئەگەر مۇشۇنداق قىلىشقا مۇمكىن بولسا، خۇدا مەڭگۈ ئۇنتۇپ قېلىنمايدۇ.

ئۇ دۇئا قىلغاندا، ئۇنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن تولاتتى. ئۇ ئاشخانىغا ئىشلىگىلى بارغاندا (چۈنكى، ئۇ موناستىرنىڭ ئاشپىزى) قىلىدىغان ئىشلىرىنى ھەممىشە جاي-جايىدا ئوبدان ئورۇنلاشتۇراتتى. بىكار ۋاقتى بولسىلا، دۇئا قىلاتتى. ئۇ خىزمىتىنى باشلىغان چېغىدا، ھەممىشە خۇداغا ئىشىنىش، خۇداغا تايىنىش ۋە خۇدانى سۆيۈش پوزىتسىيىسى بىلەن خۇداغا: «ئى مېنىڭ خۇدايىم! سىز مەن بىلەن بىرگە بولغاچقا، مەن سىزنىڭ بارلىق بۇيرۇقلىرىڭىزغا بويسۇنۇپ، تاشقى دۇنيادىكى بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتىمەن. ماڭا ئىلتىپات كۆرسەتكەيسىز. مەن سىز بىلەن ھەممىشە

بىللە بولاي. ماڭا ھەممە ئىشتا ياردەم بېرىپ، بارلىق خىزمەتلىرىمنى قوبۇل قىلغايسىز. سىزگە بولغان بارلىق مۇھەببىتىمنى قوبۇل قىلغايسىز» دەيتتى.

ئۇ بىر تەرەپتىن خىزمەت قىلغاچ، يەنە بىر تەرەپتىن خۇدا بىلەن، يەنى ياراتقۇچىسى بىلەن پاراڭلىشاتتى، ئۇنىڭ شاپائەت قىلىشىنى تىلەيتتى ھەم بارلىق خىزمەتلىرىنى خۇداغا تاپشۇراتتى. ئۇ ئىشنى تاماملىغاندىن كېيىن، قىلغان ئىشلىرىغا بىر قۇر قاراپ چىقىپ، ۋەزىپىنى ياخشى ئادا قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى تەكشۈرەتتى. ئەگەر ياخشى قىلغان بولسا، خۇداغا ھەمدۇ-سانا ئوقۇيتتى؛ ئەگەر ياخشى قىلالمىغان بولسا، خۇدادىن كەچۈرۈم سورايتتى. لېكىن، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەيتتى. خۇددى ھېچ ئىش بولمىغاندەك، خۇدا بىلەن داۋاملىق بىللە بولاتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەغلۇبىيەتتىن قايتا ئورنۇمدىن تۇرسام، خۇداغا ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت بىلەن يېڭىۋاشتىن يېقىنلىشىمەن».

قېرىندىشىمىز لاۋرېنس خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ۋە ئۇنىڭ بىلەن ئالاقە قىلىش سەۋەبىدىن تەسەللىگە ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشتى. ئۇ ھەم باشقىلارغا قىزغىنلىق بىلەن نەسىھەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئەمەلىي ھەرىكىتى ئارقىلىق باشقىلارغا ئۈلگە بولۇشى ئۇنىڭ قىلغان سۆزلىرىدىنمۇ كۈچلۈك ئىدى. ئۇنىڭ چىراي-شەكلى كىشىلەرنى تەربىيىلەيتتى. ئۇنىڭ ئاشۇ يېقىملىق ۋە مۇلايىم مۇئامىلىسى ئۇنى كۆرگۈچىلەرنى تەسىرلەندۈرمەي قالمايتتى. ئۇ خۇدادىن بەك ئالدىراش ئۆتكەن ۋاقىتلاردىمۇ ئايرىلمايتتى. ئۇ ئىشلارنى قەدەممۇ قەدەم، ئالدىرىماي، ناھايىتى ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن قىلاتتى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مېنىڭ ئىشلىگەن ۋاقتىم بىلەن دۇئا قىلغان ۋاقتىمنىڭ پەرقى يوق. گەرچە ئاشخانىنىڭ ئىچى ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان بولسىمۇ، ھەتتا بەزىدە بىر نەچچە ئادەم بىرلا ۋاقىتنىڭ ئىچىدە نەچچە خىل تاماقلارنى بۇيرۇسىمۇ، مەن خۇدا بىلەن ناھىيىتى ئېغىر-بېسىقلىق ئىچىدە بىللە بولالايمەن».

# سالام خەتلەر

## بىرىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

سىز مېنىڭ خۇدا بىلەن ئۆزلۈكسىز بىللە بولۇش ئۇسۇلۇمنى ئېيتىپ بېرىشىمنى قىزغىنلىق بىلەن تەلەپ قىلىپسىز. بىلىشىڭىز كېرەككى، بۇ «بىللە بولۇش»نى خۇدا ماڭا رەھىمدىللىكى بىلەن ئىلتىپات قىلغان. مەن سىزگە ئېيتىۋېرەي، مېنىڭ سىزنىڭ تەلىپىڭىزگە قوشۇلۇشۇم ئاسانغا چۈشمىدى. سىزگە شۇنى ئالدىن شەرت قىلىمەنكى، بۇ خېتىمنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەڭ.

مەن نۇرغۇن كىتابلاردىن كىشىلەرنى خۇداغا يېقىنلاشتۇرىدىغان، ۋە ئۇلارنى تەربىيىلەيدىغان ھەر خىل ئۇسۇللارنى ئوقۇغان. لېكىن، بۇ ئۇسۇللار مېنى گاڭگىرىتىپ، ماڭا ياردەم بېرەلمىدى. مېنىڭ ئېرىشمەكچى بولغىنىم باشقا نەرسە ئەمەس، بەلكى دەل خۇداغا قانداق قىلىپ تەلتۆكۈس ئېرىشىش ئىدى. مانا بۇ ئۆزۈمنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، خۇداغا تەۋە نەرسىلەرگە ئېرىشىشىمگە تۈرتكە بولدى. شۇڭا، مەن ئۆزۈمنى خۇداغا پۈتۈنلەي ئاتىغاندىن كېيىن، ئۆزۈمدىكى بارلىق گۇناھلارنى تۆگىتىشكە تىرىشتىم. خۇدانى سۆيگەنلىكىم سەۋەبىدىن، ئۇنىڭغا تەۋە بولمىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى رەت قىلدىم. بۇ دۇنيادا باشقىلار يوقتەك، خۇددى خۇدا بىلەن مەنلا باردەك ياشىدىم. خۇدانىڭ ئالدىدا ئۆزۈمنى بەزىدە سوتچى ئالدىدىكى جىنايەتچىدەك، بەزىدە بولسا ئۆزۈمنى خۇدانىڭ ئالدىدا خۇددى ئوغۇل ئاتىنىڭ ئالدىدا تۇرغاندەك ھېس قىلاتتىم. مەن خۇداغا دائىم ئىبادەت قىلىمەن، خۇدا بىلەن دائىم بىللە بولىمەن. خۇدادىن ئازراقلا يىراقلاشسام، ئۇنىڭ يېنىغا يەنىلا قايتىپ كېلىمەن. گەرچە مۇنداق قىلىش ئاسان بولمىسىمۇ، مەن بۇنى داۋاملاشتۇرىمەن. گەرچە مەندە تۈرلۈك خىياللار ۋە قىيىنچىلىقلار بولسىمۇ، قەلبىم يەنىلا تىنچلىق ئىچىدە بولىدۇ، ئۆز-ئۆزۈمگە ئاۋارىچىلىك تېپىۋېلىشنى خالىمايمەن. مەن خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆزۈمنىڭ كەسپى قىلدىم. خۇددى ئەتىگەندىن تا كەچكىچە ۋاقىت بەلگىلەپ دۇئا قىلغاندەك، خۇدا بىلەن بىللە بولىمەن.

مەن ھەر مىنۇت، ھەر سېكۇنت خۇدانىلا ئويلايمەن. ئەڭ ئالدىراش ۋاقىتلىرىمدىمۇ خۇدانى ئويلاشقا توسالغۇ بولغان نەرسىلەرنى كاللامدىن چىقىرىپ تاشلايمەن.

موناستىرغا كەلگەندىن بۇيان، بۇ مېنىڭ كۈندىلىك دەرسلىكىم بولدى. گەرچە ياخشى ئۆگىنەلمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ پايدىسى كۆپ بولدى. مەن بۇلارنىڭ

ھەممىسىنىڭ پۈتۈنلەي خۇدانىڭ رەھىمدىللىكى ۋە ئىلتىپاتىدىن كەلگەنلىكىنى بىلىمەن. چۈنكى، مەن خۇدادىن ئايرىلسام، ھېچ ئىشنى قىلالمايمەن. مەن كىچىكلەرنىڭمۇ كىچىكى. ئەگەر بىز خۇدا بىلەن بولغان پاك مۇناسىۋىتىمىزنى سادىقلىق بىلەن ساقلاشنى خالىساق، خۇداغا قەلبىمىزدىن ئورۇن بەرسەك، ئۇنى رەنجىتمەيلا قالماستىن، قەلبىمىزدە بىر خىل ئەركىنلىك ھاسىل بولىدۇ ھەم خۇدانى چۈشىنەلەيمىز. ئىلتىپات تىلەيدىغان يۈلەنچۈككە ھەر ۋاقىت ئىگە بولالايمىز. نەتىجىدە، بۇ بىر ئادەتكە ئايلىنىدۇ-دە، خۇدا بىلەن ناھايىتى تەبىئىيلا بىللە بولالايمىز. خۇداغا مەن بىلەن بىللە رەھمەت ئېيتىڭ، چۈنكى ئۇنىڭ توختىماي ئىزدىنىدىغان گۇناھكارلارغا ئەڭ چوڭ ئىلتىپاتنى ۋە شاپائەتنى ئاتا قىلىشى ھەقىقەتەنمۇ ئاجايىپ. ھەممە مەۋجۇدات ئۇنىڭغا ھەمدۇسانا ئوقۇغاي، ئامىن!

خۇدا ئىچىدىكى قېرىنداشىڭىز
.......................

# ئىككىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

مەن بۇ پۈرسەتتىن پايدىلىنىپ، سىزنىڭ تېخىمۇ كۆپ پايدىلىنىشىڭىز ئۈچۈن، سىزگە ئارىمىزدىكى بىر قېرىندىشىمىزنىڭ خۇدا بىلەن بىللە بولۇش سەۋەبىدىن ئىگە بولغان ئاجايىپ نەسىھىتى ۋە مۇۋەپپەقىيىتى توغرىسىدا سۆزلەپ بەرمەكچىمەن. ئۇ قىرىق نەچچە يىلدىن بۇيان بىرلا ئىشقا، يەنى خۇدا بىلەن بىللە بولۇشقا، خۇدا خالىمايدىغان ئىشنى ھەرگىز قىلماسلىققا، دېمەسلىككە، ئويلىماسلىققا دىققەت قىلىپ كەلدى. ئۇنىڭ مۇنداق قىلىشىدا باشقا مەقسەت يوق. ئۇ خۇدانى پەقەتلا پاك ھالەتتە سۆيمەكچى، چۈنكى خۇدا مۇشۇنداق سۆيۈشىمىزگە ئەرزىيدۇ.

ئۇنىڭ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشى ھەرقانداق شارائىتتا غەلىبە قىلالايدىغان بىر باسقۇچقا ئاللىقاچان يەتتى. ئۆتكەنكى ئوتتۇز نەچچە يىلدا، ئۇنىڭ خۇشاللىقى تولۇپ تاشتى. ئۇ بەزىدە ھەددىدىن زىيادە خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىنى باشقىلارغا چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى ئامال قىلىپ كونترول قىلاتتى. بەزىدە خىزمەت ئالدىراشلىق سەۋەبىدىن، خۇدا بىلەن سەللا يىراقلىشىپ قالسا، خۇدا ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ئۇنى چاقىرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدۇراتتى. ئۇمۇ خۇدانىڭ چاقىرىقىغا سادىقلىق بىلەن جاۋاب قايتۇراتتى. ئەگەر ئۇ خۇداغا قەلبى بىلەن مايىللاشمىسا، خۇداغا مۇلايىملىق ۋە مۇھەببەت بىلەن دىققىتىنى بېرەتتى ياكى خۇداغا تولۇپ تاشقان مۇھەببىتى بىلەن: «مېنىڭ خۇدايىم، قاراڭە مەن سىزگە پۈتۈنلەي مەنسۇپ. ئى خۇدا، سىز مېنى ئۆزىڭىزنىڭ نىيىتى بويىچە ياساپ چىقىڭ» دەيتتى. كېيىن، ئۇ خۇدانىڭ بۇ سۆزلەر سەۋەبىدىن ئۆزىنى قانائەتلەندۈرۈۋاتقانلىقىنى، ئۇنىڭ قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئېلىۋاتقانلىقىنى سېزەتتى. ئۇ بۇ بىر قاتار كەچۈرمىشلەر ئارقىلىق خۇدانىڭ ئۆز قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئورۇن ئالغانلىقىغا ئىشەندى. مەيلى قانداق ئىش يۈز بېرىشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمىدى.

ئۇ بەھرىمەن بولۇۋاتقان بۇ خىل قانائەتلىنىش ئۇنى قەلبىدە ھەر ۋاقىت بىر خەزىنە باردەك ھېس قىلدۇراتتى. ئۇنىڭ ئىزدىنىشى ھاجەتسىز ئىدى، چۈنكى بۇ خەزىنە ئۇنىڭ ئۈچۈن ھەر ۋاقىت ئوچۇق ئىدى. ئەگەر ئۇ خالىسىلا، ئۇنىڭدىن دەرھال بەھرىمەن بولالايتتى. ئۇ دائىم بىزنىڭ بۇ ئىشقا سەل قارايدىغانلىقىمىزدىن خورسىنىپ: «بىز بەك بىچارە، ئازراقلا بىر نەرسىگە ئېرىشىپ قالساق قانائەتلىنىپ كېتىمىز. خۇدانىڭ خەزىنىسى چېكى يوق ئوكيانغا ئوخشايدۇ. بىز ئاشۇ ئوكياندىكى كىچىككىنە بىر دولقۇنغا ئېرىشىپلا قانائەتلىنىپ قالىمىز. ئاھ! بىزنىڭ قارىغۇلۇقىمىز! بىز خۇدانى توسۇپ قويدۇق، خۇدانىڭ شاپائەت ئېقىنىنى توسۇپ

قويدۇق. لېكىن، ئەگەر خۇدا ئىشەنچى جانلىق شۇنداق بىرىنى تاپسىلا، ئۇنىڭغا ھەر خىل ئىلتىپات ۋە شاپائەتلەرنى ئايىماي ئاتا قىلىپ، ئۇنىڭدا بىر ئېقىن پەيدا قىلىدۇ» دەيدۇ.

ئەپسۇسكى، بىز بۇ ئېقىنغا سەل قاراپ، ئۇنى توختىتىپ قويۇۋاتىمىز. بۇنىڭدىن كېيىن، مۇنداق قىلماسلىقىمىزنى ئۈمىد قىلىمەن. قەلبىمىزگە كىرىپ، بارلىق توساقلارنى ئېلىپ تاشلايلى! يوقىتىپ قويغان نۇرىمىزنى تېپىۋالايلى. قالغان ئۆمرىمىزنى ئىلتىپات ئىچىدە ئۆتكۈزەيلى. ئۆلۈم بىزگە ھەر ۋاقىت ھەمراھ. ئۆمرىمىز ئۇزۇنغا بارماسلىقى مۇمكىن، شۇڭا تەييارلىقنى ئوبدان قىلىشىمىز لازىم. چۈنكى، ئۆلۈم بىرلا قېتىم كېلىدۇ، ۋاقىت-سائىتى كەلگەندە ئۈلگۈرەلمەي قالىمىز. شۇڭا، مەن يەنە ئېيتىمەنكى، قەلبىمىزگە كىرەيلى. ۋاقىت يېقىنلىشىپ كېلىۋاتىدۇ، كېچىكتۈرۈشكە بولمايدۇ. بىز خەتەر ئىچىدە! سىزگە كەلسەك، ئىشىنىمەنكى سىزدىمۇ مۇنداق كەچۈرمىشلەر بار. شۇڭا، سىز ھەيران بولمايسىز. سىزگە نەسىھەتىم شۇكى، مۇشۇ كەم بولسا بولمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز ھەر ۋاقىت تىرىشىشىمىز لازىم. چۈنكى، مەنىۋى ھاياتىمىز كەينىگە چېكىنسە بولمايدۇ. لېكىن، مۇقەددەس روھ تەرىپىدىن تەسىرلەندۈرۈلگەنلەر ئۇيقۇدا ياتقان بولسىمۇ، ئالغا باسالايدۇ. ئەگەر بىز دېڭىز دولقۇنلىرىدا قالغان بولساق، رەببىمىزنى ئويغىتايلى. چۈنكى، ئۇ بىزنىڭ قەلبىمىزدە تۇرىدۇ، ئۇ دېڭىز دولقۇنلىرىنى دەرھال تىنچىتىدۇ.

مەن ھازىر ئويلىغانلىرىمنى سىزگە ئېيتىۋاتىمەن، سىز بۇلارنى ئۆزىڭىزنىڭ ئويلىغانلىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ بېقىڭ. خۇدانىڭ بىزگە قىلغان ئىلتىپاتىنى ئويلاپ باقايلى. بۇ قېرىنداشىمىزنىڭ ئېيتقانلىرىدىن ۋە ئويلىغانلىرىدىن بىرەر پايدىغا ئېرىشكەيمىز. ئۇنى تونۇيدىغانلار كۆپ ئەمەس، لېكىن خۇدا ئۇنى تونۇيدۇ، ئۇنى ئاسرايدۇ. مەن سىز ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن، سىزمۇ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلغايسىز.

1682-يىلى 6-ئاينىڭ 1-كۈنى

# ئۈچىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

بۈگۈن مەن بىر ئايال قېرىندىشىمدىن ئىككى كىتاب ۋە بىر پارچە خەت تاپشۇرۇۋالدىم. ئۇ رەبنىڭ خىزمىتىنى قىلىشقا تەييارلىق قىلىۋېتىپتۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن، ئۇ سىزنىڭ ۋە بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ ئۆزى ئۈچۈن دۇئا قىلىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇ دۇئانى بەك مۇھىم بىلىدۇ، شۇڭا ئۇنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيلى. خۇدادىن ئۇنىڭغا مېھىر-مۇھەببەت ۋە بارلىقىنى خۇدا ئۈچۈن تەقدىم قىلىدىغان قەتئىي تەۋرەنمەس ئىرادە ئاتا قىلىشىنى، ئۇنىڭ خۇدا ئۈچۈن سادىقلىق بىلەن خىزمەت قىلىشىنى تىلەيلى. ئۇ ئەۋەتكەن كىتابلارنىڭ بىرىنى سىزگە ئەۋەتىمەن. ئۇ كىتابتا «خۇدا بىلەن بىللە بولۇش» توغرىسىدا سۆزلەنگەن. مېنىڭچە، بۇ كىتابنى مەيلى كىم ئوقۇمىسۇن، كىتابتا يېزىلغانلارغا ئەمەل قىلىنسىلا، يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇشقا ياردىمى تېگىدۇ.

مەن بىلىمەنكى، ئەگەر بىر ئادەم خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى توغرا ئۇسۇلدا داۋاملاشتۇرىمەن دەيدىكەن، ئۇ چوقۇم قەلبىنى قوغدىشى كېرەك، يەنى قەلبىدىكى بارلىق گۇناھلارنى چىقىرىۋېتىشى كېرەك. چۈنكى، خۇدا ئىنساننىڭ قەلبىنى ئۆزى مۇستەقىل ئىگىلەشنى خالايدۇ. ئەگەر قەلب قۇرۇق بولمىسا، خۇدا ئۇنى مۇستەقىل ئىگىلىيەلمەيدۇ. ئەگەر قەلبىمىزنى قوغداپ بارلىقىمىزنى خۇداغا قاراتمىساق، خۇدا قەلبىمىزدە ئەركىن خىزمەت قىلالمايدۇ. بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ھاياتلىق خۇدا بىلەن بىللە بولغان ھاياتلىقتەك شېرىن ۋە خۇشاللىنارلىق بولالمايدۇ. بۇ نۇقتىنى مۇشۇنداق قىلىپ باققان ئادەملا چۈشىنىپ يېتەلەيدۇ. مېنىڭ سىزگە نەسىھەت قىلىشتىكى مەقسىتىم خۇشاللىق ئىزدەش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى خۇدانى سۆيۈش ھەم خۇدانىڭ مۇشۇنداق قىلىشىمىزنى ياخشى كۆرگەنلىكى ئۈچۈندۇر.

ئەگەر مەن بىر تەلىم بەرگۈچى بولغان بولسام، خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش باشقا تەلىملەردىن ياخشى، دەپ سۆزلىگەن بولاتتىم. ئەگەر مەن دۇنيانىڭ مەسلىھەتچىسى بولغان بولسام، پۈتۈن دۇنيا كىشىلىرىنى مۇشۇنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بۇيرۇغان بولاتتىم. چۈنكى، ئىنسانلار بۇنىڭغا ئېھتىياجلىق ھەم بۇنى قىلماق ناھايىتى ئاسان.

بىز پەقەت ئىلتىپاتقا بولغان ئېھتىياجىمىزنى ۋە خۇدانىڭ بىزنى قۇتقۇزغانلىقىنى بىلسەك، خۇدادىن ئايرىلىپ قىلىشنى مەڭگۈ خالىمايمىز، ھەتتا بىر مىنۇتمۇ ئايرىلىشنى خالىمايمىز. ماڭا ئىشىنىڭ، مۇقەددەس بولغان چىڭ ئىرادىنى دەرھال تىكلەڭ، خۇدادىن قەستەن ئايرىلماڭ. خۇدانى سۆيگەنلىك سەۋەبىدىن خۇدا توغرا دەپ قارىسىلا، بارلىق ئويۇن-تاماشىلاردىن ۋاز كېچىڭ. پۈتۈن

قەلبىڭىز بىلەن بۇنى ئورۇنداڭ. ئەگەر سىز بۇلارنى ياخشى قىلالىسىڭىزلا، ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە نەتىجىسىنى كۆرەلەيسىز. مەنمۇ دۇئا ئارقىلىق سىزگە ياردەم بېرىمەن. (گەرچە مەن دۇئا قىلىشنى ئانچە بىلمىسەممۇ . . .)

سىزنىڭ ......
1685 ـ يىلى

# تۆتىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

مەن سىز ئەۋەتكەن نەرسىلەرنى بىر خانىم ئارقىلىق تاپشۇرۇپ ئالدىم. سىزنىڭ مەن سىزگە ئەۋەتكەن كىتاب توغرىسىدا ھېچنېمە دېمىگەنلىكىڭىزدىن ھەيران قالدىم. مېنىڭچە، سىز ئۇ كىتابنى ئاللىقاچان تاپشۇرۇپ ئالدىڭىز. مەن سىزنىڭ ياشىنىپ قالغان چېغىڭىزدىمۇ، قەلبىڭىزدىن ئاشۇ كىتابتا يېزىلغاندەك قىلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. چۈنكى، كېچىكىپ بولسىمۇ قىلىش، قىلمىغاندىن مىڭ ياخشى.

مەن شۇنىڭغا ھەيرانكى، بىر ئېتىقادچى خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرماي تۇرۇپ، بۇ دۇنيادا قانداقمۇ قانائەت ھېس قىلىپ ياشىيالايدىغاندۇ؟ ماڭا كەلسەك، خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشنى يورىكىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ساقلايمەن. مۇشۇنداق بولغاندا، يامانلىقلار ئالدىدا مەغلۇپ بولمايمەن. ئەگەر خۇدادىن سەللا ئايرىلسام، تايانچىمنى يوقاتقاندەك بولۇپ قالىمەن. بۇنى ئورۇنداش ئادەمنى ھەرگىز ھاردۇرمايدۇ. گەرچە سىز بەزىدە (ھەتتا دائىم) نورمال كۆڭۈل ئېچىشلاردىن مەھرۇم قالسىڭىزمۇ، لېكىن مۇشۇنداق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. چۈنكى، خۇدا ئۆزىنى سۆيگۈچىنىڭ ئۆزىدىن باشقا كۆڭۈل ئېچىشىنىڭ بولماسلىقىنى خالايدۇ.

مېنىڭ مۇشۇنداق دېيىشىم سىلەرنى ھەرگىزمۇ مۇشۇنداق قىلسۇن، دەپ بار كۈچۈم بىلەن زورلىغانلىق ئەمەس. خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشتا، بىزنىڭ ئۆزىمىزنىڭ چوقۇم مۇقەددەس ئەركىنلىكى بولۇشى كېرەك. شۇنداقلا، كۆندىلىك خىزمەتلىرىمىزنى ساداقەتلىك بىلەن زېرىكمەي قىلىشىمىز كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، ئەگەر بىز قەلبىمىزنىڭ خۇدادىن يىراقلاشقانلىقىنى ھېس قىلساق، قەلبىمىزنى مۇلايىملىق ۋە تىنچلىق ئىچىدە قايتۇرۇپ كېلىپ، ئۇنى خۇداغا قايتا يۈزلەندۈرۈشىمىز كېرەك.

بىز بارلىق غەم-ئەندىشىلىرىمىزنى تاشلاپ، خۇداغا تەلتۆكۈس ئىشىنىشىمىز كېرەك. بەزىدە خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىش ئۇسۇلىمىزنىمۇ تاشلاپ قويۇشقا توغرا كېلىدۇ. چۈنكى، بۇ بىر ئۇسۇل، مەقسەت ئەمەس. بىز خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرساق، مەقسەتكە يەتكەن بولىمىز. چۈنكى، خۇدانىڭ ئۆزى بىزنىڭ مەقسىتىمىز. شۇڭا، بىزگە ئۇسۇلنىڭ كېرىكى يوق. بىز مۇقەددەس خۇدا بىلەن بىرگە بولغاندا، ئىبادەت، مەدھىيە، شۈكۈر ئېيتىش، ئىئانە بېرىش قاتارلىقلار ئارقىلىق خۇدا بىلەن مۇھەببەتلىك ئالاقىدە بولىمىز.

بەلكىم سىزنىڭ خاراكتېرىڭىز بۇنداق قىلىشقا يول قويماسلىقى مۇمكىن، لېكىن بۇنىڭلىق بىلەن ئۈمىدسىزلەنمەڭ، تىرىشىپ بېقىڭ. بەلكىم بەزىلەر، بولۇپمۇ بۇ ئىشقا دەسلەپتە كىرىشكەندە بۇنى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغانلىق، دەپ ئويلىشى مۇمكىن. لېكىن، سىز ئالغا قاراپ مېڭىپ، ھەرقانداق قىيىنچىلىققا پەرۋا قىلماي، بۇنى تاكى ئۆلگىچە توختىماي داۋاملاشتۇرۇڭ. سىز ئۆزىڭىزنى ئۆزىڭىزنىڭ ۋە بۇرادەرلىرىڭىزنىڭ دۇئاسىغا تاپشۇرۇڭ.

1685- يىلى 11- ئاينىڭ 3- كۈنى

# بەشىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

مېنىڭ سىزگە بەك ئىچىم ئاغرىيدۇ، چۈنكى بۇ دەل كەسكىن بىر ۋاقىت. ئەگەر سىز ئىشلىرىڭىزنى باشقىلارنىڭ قىلىشىغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، قالغان ئۆمرىڭىزنى خۇداغا ئىبادەت قىلىش بىلەن ئۆتكۈزگەن بولسىڭىز، نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە! خۇدا ئېغىر يۈكنى ھەرگىزمۇ سىزگە بەرمەيدۇ. سىز پەقەت خۇدانى دائىم ياد ئەتسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلسىڭىز، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى تىلىسىڭىز ياكى غەم-ئەندىشىلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا تاپشۇرسىڭىز، ياكى بولمىسا قىيىنچىلىقتا قالغىنىڭىزدا خۇدانىڭ سىزگە ياردەم بېرىپ كەلگەنلىكىگە رەھمەت ئېيتسىڭىزلا بولىدى. خۇدا سىزنىڭ ئۆزى سەۋەبلىك دائىم تەسەللىگە ئېرىشىشىڭىزنى خالايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەيلى سىز تاماق يەۋاتقاندا ياكى باشقىلار بىلەن بىرگە بولغاندا بولسۇن، قەلبىڭىزنى خۇداغا قارىتىڭ. ئەڭ ئاددىي ئىشلاردىمۇ ئۇنى ئەسلىسىڭىز، خۇدا بۇنى قوبۇل قىلىدۇ. يۇقىرى ئاۋازدا ئىلتىجا قىلىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى خۇدا سىزگە سىز ئويلىغاندىنمۇ بەكرەك يېقىن تۇرىدۇ.

خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئۈچۈن چېركاۋغا دائىم بېرىشنىڭ ھاجىتى يوق، بىز ئۆزىمىزنىڭ قەلبىنى پاراڭلىشىدىغان ئورۇن قىلساق بولىدۇ. بىز قەلبىمىزدە خۇدا بىلەن مۇلايىملىق، كەمتەرلىك، مۇھەببەتلىك پوزىتسىيە بىلەن دائىم پاراڭلاشساق بولىدۇ. خۇدا بىلەن يېقىنلىشىپ سۆزلىشەلمەيدىغان ئادەم يوق. گەرچە بەزىلەر يېقىنراق، يەنە بەزىلەر يىراقراق يېقىنلاشسىمۇ، خۇدا بىزنىڭ نېمىنى قىلالايدىغانلىقىمىزنى بىلىدۇ. خۇدا بەلكىم بىزنىڭ ئىرادىگە كېلىپ، ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىشىمىزنى كۈتۈۋاتقاندۇ. شۇڭا، بىز غەيرەتلىك بولايلى. چۈنكى، بىزنىڭ بۇ دۇنيادىكى ۋاقتىمىز كۆپ قالمىدى. سىز ئاتمىش تۆت ياشقا، مەن بولسام سەكسەنگە يېقىنلاشتىم. خۇدا بىلەن بىللە ياشايلى. پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولساقلا، قانچىلىك قىيىنچىلىق بولسىمۇ خۇشال بولالايمىز! ئەگەر خۇدا بولمىسا، ئەڭ چوڭ خۇشاللىقمۇ ئازابقا ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ خۇدا كىشىلەر تەرىپىدىن مەدھىيلەنگەي، ئامىن!

سىز خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى قەدەممۇ قەدەم مەشىق قىلغىنىڭىزدا، پۈتۈن ئۇنىڭغا كۈچىڭىز بىلەن ئىبادەت قىلىڭ، ئۇنىڭ ئىلتىپاتىنى تىلەڭ ھەم قەلبىڭىزنى ئۇنىڭغا بېرىڭ. ئەگەر مۇمكىن بولسا، كۈندىلىك خىزمەتلىرىڭىزدە، ئۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت مۇشۇنداق ئاتاڭ. خۇداغا باشقا ئۇسۇللارنى قوللىنىپ خىزمەت قىلىمەن، دەپ يۈرمەڭ. خۇداغا پەقەت ئىشەنچ، مۇھەببەت ۋە كەمتەرلىك بىلەن ئۆزىڭىزنى ئاتاڭ.

سىزنىڭ خۇدا ئىچىدىكى ......

# ئالتىنچى پارچە خەت

ھۆرمەتلىك ......،

مېنىڭ بۇ خىل تۇرمۇش ئۇسۇلۇمنى كىتابلاردىن تاپقىلى بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ ماڭا تەس كەلمەيدۇ. مەن پەقەت سىزنىڭ مېنىڭ تۇرمۇش ئۇسۇلۇمغا بولغان كۆز قارىشىڭىزنى بىلسەم دەيمەن.

بىر نەچچە كۈن ئىلگىرى، مەن ناھايىتى ئىخلاسمەن بىرى بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم، ئۇ ماڭا: «يېتىلگەن ئېتىقادچىنىڭ ھاياتى ئىلتىپاتلىق ھاياتتۇر. بۇنداق نىشانغا يېتىشتە دەسلەپتە قۇللاردەك قورقۇش ھېسسىياتى بولىدۇ؛ كېيىنچە پىشىپ يېتىلگەندە، مەڭگۈلۈك ھاياتقا نىسبەتەن ئۈمىد پەيدا بولىدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، پاك مۇھەببەت بىلەن ئەڭ يۇقىرى پەللىگە چىقىپ تەربىيىلىنىمىز. تەربىيىلىنىشنىڭ ھەر بىر باسقۇچىدىكى كەچۈرمىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. ئەڭ ئاخىرىدا، يۇقىرى پەللىگە چىقىمىز» دېدى. مەن بۇ ئۇسۇللارنى قوللانمىدىم. چۈنكى، ماڭا نىسبەتەن بۇ ئۇسۇلنىڭ ئۈنۈمى مېنى ئۈمىدسىزلەندۈرۈپ قويىدىكەن. سەۋەب پەقەت بىرلا، يەنى مەن موناستىرغا كىرگەن چېغىمدىلا، ئىرادە باغلاپ ئۆزۈمنى ئۈنتۈپ خۇداغا يۈزلەنگەنمەن. مانا بۇ مېنىڭ گۇناھقا تاقابىل تۇرۇشۇمدا مېنى ئەڭ قانائەتلەندۈرىدىغان ئۇسۇل. مەن خۇدانى سۆيۈشتىن باشقا ھەممىنى رەت قىلدىم.

دەسلەپكى بىر نەچچە يىلدا، مېنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىشتىكى ئۇسۇلۇم ۋاقىت بەلگىلەپ دۇئا قىلىش بولدى. دۇئايىمدا ئويلايدىغانلىرىم ئۆلۈم، سوراق، دوزاخ، جەننەت ۋە مەن ئۆتكۈزگەن گۇناھلار ئىدى. مەن بىر نەچچە يىللىق مۇشۇنداق داۋاملاشتۇرغاندىن كېيىن، دۇئا قىلمىغان ۋە خىزمەتتىكى چاغلىرىمدىمۇ قەلبىمنى خۇدانىڭ ئالدىغا ئېھتىياتچانلىق بىلەن قويالايدىغان بولدۇم. چۈنكى، مەن ئويلايمەن، خۇدا مەن بىلەن دائىم بىللە ھەم دائىم مېنىڭ قەلبىمدە. كېيىن ۋاقىت بەلگىلەپ دۇئا قىلمىغان چاغلاردىن باشقا ۋاقىتتىمۇ، قەلبىم ھەر دائىم خۇدادا بولىدىغان بولدى. بۇ مېنى ئەڭ زور دەرىجىدە خۇشال قىلدى ۋە ماڭا تەسەللى بولدى. بۇ ئىش خۇداغا بولغان ھۆرمىتىمنى ھەسسىلەپ ئاشۇردى. پەقەت ئىشەنچىنىڭلا مېنى قانائەتلەندۈرەلەيدىغانلىقىنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتىم. چۈنكى، ئىشەنچ ئارقىلىق خۇدانىڭ چەكسىزلىكىنى، ھەقىقىتىنى ۋە خۇدانى ئادەملەرنىڭ ئوي-پىكرى بويىچە تەسەۋۋۇر قىلىشقا بولمايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. مانا بۇ مېنىڭ دەسلەپكى چاغدىكى ئەھۋالىم. دەسلەپكى ئون يىلدا، مەن نۇرغۇن جاپالارنى تارتتىم. چۈنكى، مەن خۇدانى سۆيۈش ئىشىدا دائىم ئارمانىمغا تۇشلۇق دەرمانىم يوقتەك ھېس قىلاتتىم. ئىلگىرى ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرىمنى دائىم ئالدىمغا تىزىۋالاتتىم، شۇنداقلا ئۆزۈمنى خۇدانىڭ زور

ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە لايىق ئەمەستەك ھېس قىلاتتىم. ئاشۇ كۈنلەردە، مەن دائىم يىقىلىپ چۈشەتتىم، يىقىلسام بەختكە يارىشا ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەلەيتتىم. ئاشۇ چاغلاردا، ھەممەيلەن ماڭا قارشىلىق كۆرسىتىۋاتقاندەك بىلىنەتتى، پەقەت ئىشەنچلا ماڭا ياردەم بېرىپ كەلدى. بەزى چاغلاردا، ئوي-پىكىرلىرىم قالايمىقانلىشىپ، مەن ئىشىنىۋاتقان ئىلتىپات پەرەز ھۆكۈمدەك بىلىنەتتى. چۈنكى، باشقىلار شۇنچە زور قىيىنچىلىقلارنى تارتىپ ئېرىشكەن نەرسىگە مەن قانداقلارچە ئاسانلا ئېرىشىپ قالارمەن، دەپ ئويلايتتىم. بەزىدە مەن ئۆز-ئۆزۈمنى ئالداۋاتامدىمەن قانداق، مەن قانداقسىگە قۇتقۇزۇلۇشقا ئېرىشەلەيمەن، دەپمۇ ئويلايتتىم. مەن ئاخىرقى زاماندىكى كۈنلىرىمنى ئويلىساملا (بۇ ئوي-پىكىرلەر مېنىڭ ئىشەنچىمنى ئاجىزلاشتۇرماي، ئەكسىچە كۈچەيتەتتى)، مەندە زور ئۆزگىرىش بولاتتى. مەن قەلبىمنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا بىر خىل تىنچلىقنىڭ ھۆكۈم سۈرىۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. شۇنىڭدىن كېيىن، مەن كەمتەرلىك، مۇھەببەت ۋە ئاددىي ئىشەنچ بىلەن خۇدانىڭ ئالدىغا ھازىر بولدۇم. خۇدا ياخشى كۆرمىگەن بارلىق ئىشلارنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە ئويلىمىدىم، دېمىدىم ۋە قىلمىدىم. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قىلدىم. خۇدامۇ ئۆزى ياقتۇرىدىغان ئىشلارنى مەن بىلەن بىللە قىلدى.

ھازىر قەلبىمدىكى ھېسسىياتنى تىل بىلەن ئىپادىلەپ بېرەلمەيمەن. مەندە ئازاب-ئوقۇبەت ۋە گۇمانلىنىش دېگەندەك نەرسىلەردىن ئەسەرمۇ قالمىدى. چۈنكى، مەندە ئۆزۈمنىڭ ئىرادىسى ئەمەس، پەقەت خۇدانىڭ ئىرادىسىلا قالدى. مەنمۇ ھەممە ئىشتا خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىپ، خۇداغا مۇتلەق بويسۇنىدىغان بولدۇم. ئەگەر خۇدانىڭ ئىرادىسىچە بولمىسا، يەردىن بىر تال ئوت-چۆپنى تېرىۋالىدىغان ئىش بولسىمۇ قىلمايدىغان بولدۇم.

مەن ھازىر زۆرۈر ۋاقىتلاردىن باشقا ۋاقىتلاردا دۇئا قىلمايدىغان بولدۇم. مېنىڭ بىردىنبىر قىلىدىغان ئىشىم مۇقەددەس خۇدا بىلەن توختىماي بىللە بولۇش. مەن بىر خىل ئاددىي بولغان دىققەت-ئېتىبار ۋە مۇھەببەتنىڭ ئۆزىگە جەلپ قىلىشى بىلەن، ئۆزۈمنى خۇدانىڭ ئالدىغا قويىمەن. مانا بۇ مەن ئىشىنىۋاتقان خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشتۇر. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ بىر خىل تىنچلىق، مەخپىيلىك ھەمدە خۇدا بىلەن توختىماي ئالاقىلىشىشتۇر. بۇ، قەلبىمنى ھاياجانغا تولدۇرىدۇ. بەزىدە خۇشاللىقىم ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتەندە، بەزى ئاماللارنى قىلىپ خۇشاللىقىمنى كونترول قىلىمەن. چۈنكى، مەن باشقىلارنىڭ بۇ خۇشاللىقىمنى كۆرۈپ قېلىشىدىن قورقىمەن.

بۇ ئوتتۇز نەچچە يىل مابەينىدە، مەن خۇدانىڭ مەن بىلەن بىللە بولغىنىدىن قىلچە گۇمانلانمىدىم. مەن سىزگە نۇرغۇن ئىشلارنى ئېيتىپ بېرىشنى خالايمەن. مەندىن زېرىكىپ قالمىغايسىز. مەن مۇشۇنى مۇۋاپىق تاپتىم. چۈنكى،

بۇلارنى سىزگە مېنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدىكى ئەھۋالىم بويىچە ئېيتىپ بېرىۋاتىمەن. مەن خۇدانى ئۆزۈمنىڭ پادىشاھى، دەپ قارايمەن.

مەن ئۆزۈمنى ئەڭ چوڭ گۇناھكار، دەپ قارايمەن. خۇددى بىر ئادەم پادىشاھنىڭ ئالدىدا خىلمۇ خىل جىنايەتلەرنى ئۆتكۈزگەندەك، مەنمۇ ئەسكىلىككە ۋە مەينەتچىلىككە تولۇپ كەتتىم. قەلبىم ئازابلانماقتا. مەن خۇدانىڭ ئالدىدا ھەممە گۇناھلىرىمنى بوينۇمغا ئالدىم ۋە ئۇنىڭ كەچۈرۈشىنى تىلىدىم. شۇنداقلا، ئۆزۈمنى خۇدانىڭ قولىغا تاپشۇرۇپ، ئۆزىڭىز مېنى قانداق سۈپەتتە كۆرۈشنى خالىسىڭىز شۇنداق قىلىڭ، دېدىم. خۇدايىم چەكسىز رەھىمدىل ۋە ئىلتىپاتلىق بولغاچقا، مېنى ھەرگىز ئەيىبلىمىدى، ئەكسىچە مۇھەببىتى بىلەن ماڭا قۇچاق ئاچتى. ئۆزىنىڭ مول نېمىتىدىن مېنى بەھرىمەن قىلىپ، مەن ئۈچۈن ئۆز قولى بىلەن خىزمەت قىلدى ھەم ئۆز خەزىنىسىنىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا تاپشۇردى. خۇدا مەن بىلەن خۇشاللىق بىلەن ئالاقىلەشتى. خۇدا خۇددى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ئادىمىگە مۇئامىلە قىلغاندەك، ماڭا ھەربىر ئىشتا ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ياخشى مۇئامىلىدە بولدى. شۇنداق قىلىپ، مەن ئۆزۈمنى مۇقەددەس خۇدانىڭ ئالدىغا قويدۇم.

مېنىڭ خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىشىمدە، پەقەتلا دىققەت-ئېتىبار ۋە مۇھەببەتنىڭ تارتىش كۈچى بار. مېنىڭچە، بۇ خىل ئەھۋالدىكى شېرىنلىك ۋە خۇشاللىق ئانىسىنىڭ قۇچىقىدىكى بوۋاقنىڭ خۇشاللىقىدىن ئېشىپ چۈشىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن ئەگەر بۇنى بىر ئېغىز سۆز بىلەن ئىپادىلەشكە جۈرئەت قىلالىسام، مەن ئۇنى خۇدانىڭ قۇچىقى دەيمەن. چۈنكى، مەن بۇ يەردە تەسۋىرلىگۈسىز شېرىنلىكنى ھېس قىلىمەن. ئەگەر مەن خۇدادىن ئاجىزلىقىم تۈپەيلىدىن ئايرىلىپ قالغان چاغلىرىمدا، قەلبىمدە بىر خىل يېقىملىق سېزىم ھاسىل بولۇپ، مېنى چاقىرىپ ئېلىپ كېتىدۇ. مەن بۇلارنى قانداق تەسۋىرلەپ بېرىشنى ھەقىقەتەن بىلمەيۋاتىمەن.

مەن سىزنىڭ ئىلگىرىكى ئەسكىلىكلىرىمنى كۆپرەك ئەسلەپ بېقىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن، چۈنكى سىز بۇلارنى بىلىسىز. مەن خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ئېرىشىشكە ھەقىقەتەنمۇ لايىق ئەمەس ئىدىم.

مېنىڭ ۋاقىت بەلگىلەپ دۇئا قىلىشىمغا كەلسەك، ئۇ پەقەت خۇدا بىلەن بولغان كۈندىلىك ئالاقەمنىڭ داۋامى، خالاس. بەزىدە مەن ئۆزۈمنى تاشچى ئۇستامنىڭ (خۇدانىڭ) قولىدا ئۇنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئويۇلغان تاشتەك سېزىمەن. مەن خۇدادىن ئۆزىگە ئوخشىشىمنى، قەلبىمگە ئۆز سىماسىنى ئويۇشنى تىلەيمەن.

بەزىدە مەن دۇئا قىلغان چېغىمدا، پۈتۈن روھىمنى ئەڭ يۇقىرى پەللىگە ھېچقانداق كۈچ سەرپ قىلمايلا يەتكەندەك ھېس قىلىمەن. مانا مۇشۇ ئورۇندا، خۇددى خۇدانىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمەن. بىلىمەن، بەزىلەر بۇ خىل ئەھۋالنى بىر خىل ھەرىكەتسىزلىك، خۇراپاتلىق ياكى ئۆزىنى سۆيگەنلىك،

دېيىشىدۇ. مەنمۇ بۇنىڭ مۇقەددەس بولغان بىر خىل ھەرىكەتسىزلىك ئىكەنلىكىگە قايىل. شۇنداقلا، بۇمۇ ئۆزىنى بىر خىل خۇشاللىقتا سۆيۈشتۇر. چۈنكى ئەمەلىيەتتىن قارىغاندا، ئادەم مۇشۇنداق تىنچلىق ئىچىدە تۇرغاندا، ئىلگىركى ئەنسىرەشلىرىدىن خالاس بولىدۇ. لېكىن، مەن كىشىلەرنىڭ بۇنى خۇراپاتلىق دېيىشىگە قوشۇلمايمەن. چۈنكى، بىر ئادەم مۇشۇ ۋاقىت ۋە مۇشۇ جايدا خۇدادىن مانا مۇشۇنداق بەھرىمەن بولىۋاتىدۇ، خۇدادىن باشقا ھېچ نەرسىنى تىلىمەيۋاتىدۇ. ئەگەر مەن خۇراپاتلاشقان بولسام، خۇدا مېنى تۈزىتىشى كېرەك. مەن خۇدانىڭ مېنى ئۆزى خالىغان سۈپەتتە كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن. مەن پەقەت خۇدانىلا خالايمەن ھەم ئۆزۈمنى خۇداغا ئاتاشنى خۇشاللىق، دەپ بىلىمەن. مەن سىزنىڭ پىكىرلىرىڭىزنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار، چۈنكى مەن سىزنىڭ ئىنتايىن ئىخلاسمەن ئىكەنلىكىڭىزگە قايىل.

خۇدا ئىچىدىكى ......

# يەتتىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

گەرچە مېنىڭ دۇئايىم ھېچنېمىگە ئەرزىمىسىمۇ، لېكىن سىزگە بەرگەن ۋەدەم بويىچە، سىز ئۈچۈن دۇئا قىلىشنى ھەرگىز تاشلىمايمەن. بىز پەقەت خۇدانىڭ خەزىنىسىنى (بۇنى بىزگە خۇش خەۋەر كىتابلىرى ئېيتىپ بەرگەن) تاپساقلا، بىزدە زور خۇشاللىق بولىدۇ، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى نۆلگە تەڭ. خۇدانىڭ خەزىنىسى نەقەدەر چەكسىز-ھە! سىز ئۇنى قانچە كۆپ كۈچ سەرپ قىلىپ ئىزدىسىڭىز، ئۇنىڭغا شۇنچە كۆپ ئېرىشەلەيسىز. شۇڭا، بىز بۇ خەزىنىنى تاكى تاپقۇچە ئۈمىدسىزلەنمەي ئىزدەيلى.

مەن كەلگۈسۈمنى بىلمەيمەن، لېكىن مەندە زور ئاسايىشلىق ۋە خاتىرجەملىك بار. تىنچلىقنى يوقىتىش تولىمۇ ئازابلىق بىر ئىش. ئەگەر ئادەمدە خاتىرجەملىك بولسا، تۈرمىدە بولسىمۇ تەسەللى تاپالايدۇ.

مەن خۇدانىڭ مېنى بۇ يەردە ئېلىپ قېلىشىدىكى مەقسىتىنى بىلمەيمەن. مەندىكى خاتىرجەملىك شۇ قەدەر چوڭقۇركى، مەندە ھەتتا «قورقۇش» مۇ يوق. مەن خۇدا بىلەن بىللە تۇرسام، نېمىدىن قورقاتتىم؟ مەن خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى كۈچۈمنىڭ بارىچە داۋاملاشتۇرىمەن. خۇدانىڭ ئالدىدا بارلىق مەدھىيىلەرنى ئۇنىڭغا بېغىشلايمەن، ئامىن!

# سەككىزىنچى پارچە خەت

ھۆرمەتلىك ......،

مەن سىزنىڭ خېتىڭىزنى ئوقۇغاندىن كېيىن، سەپتە ئوغلىڭىزغا بىر ئىش بولغانلىقىنى بىلدىم ھەم سىزنىڭ ئەندىشىڭىزنىمۇ چۈشەندىم.

بىزنىڭ خۇدايىمىز پەقەت بىرلا، ئۇنىڭدىكى ئىلتىپات چەكسىز. ئۇ بىزنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىمىزنى بىلىدۇ. مېنىڭچە، خۇدا سىزنى پۈتۈنلەي ئىگىلەشنى خالايدۇ. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاقتى بويىچە، سىز تەييارلىقسىز تۇرغاندا سىزنىڭ يېنىڭىزغا بارىدۇ. خۇدانىڭ ئىچىدە تۇرۇپ ھەممىدىن غالىب كەلگەيسىز، مەن بىلەن بىرلىكتە ئۇنىڭغا شۈكۈر ئېيتىڭ. چۈنكى، خۇدا سىزگە ئىلتىپات ئاتا قىلدى؛ بولۇپمۇ سىز قىيىنچىلىققا ئۇچرىغاندا، خۇدا سىزگە سەۋر-تاقەت ئاتا قىلىپ، سىزنى قىيىنچىلىققا باش ئەگدۈرمىدى. مانا بۇ خۇدانىڭ سىزنى ئۇنتۇپ قالمىغانلىقىنىڭ بەلگىسى. خۇداغا ئۇنىڭ سىزگە بەرگەن تەسەللىسى ئۈچۈن رەھمىتىڭىزنى بىلدۈرگەيسىز.

مەن ئوغلىڭىزنىڭ باتۇرلۇقىغا قايىل، خۇدا ئۇنىڭغا ياخشى خاراكتېر ۋە ئىرادە ئاتا قىلغان. لېكىن، ئوغلىڭىزنىڭ قەلبىدە بۇ دۇنياغا خاس نەرسىلەر يەنىلا مەۋجۇت ھەم ئۇنىڭدا ياشلارچە مىجەز-خۇلق بار. مەن ئۇنىڭ بۇ قېتىم تارتقان جاپالىرىنىڭ ئۇنىڭ ئۆزىنى بىلىشىدىكى ياخشى دورا بولۇپ قېلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن. بۇ ئۇنىڭ خۇداغا پۈتۈن نىيىتى بىلەن تايىنىشىدىكى ياخشى پۇرسەت، چۈنكى خۇدا ئۇنىڭ بىلەن ھەممىشە بىرگە. ئوغلىڭىزنىڭ قەلبى خۇداغا يۈزلەنسىلا، شۇنىڭ ئۆزى كۇپايە. گەرچە ھەربىر سەپتە قولىڭىزدا مۇقەددەس روھ قىلىچى، يەنى خۇدانىڭ سۆزى بولسىمۇ، خۇدانى ئەسلىسىڭىز، ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلسىڭىز، دۇئايىڭىزنىڭ قانچىلىك قىسقا بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدا دۇئايىڭىزنى قوبۇل قىلىدۇ. دۇئا ئېتىقادچىنى ئۈمىدسىزلەندۈرمەيدۇ، بەلكى ئۇنى تېخىمۇ باتۇر قىلىدۇ.

ئوغلىڭىز پۈتۈن كۈچى بىلەن خۇدانى ئويلىسۇن! خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشنى قەدەممۇ قەدەم ئۆگەنسۇن. شۇڭا، ئوغلىڭىزغا ئېيتىڭ، ئۇ خۇدانى مېنىڭ ئۇسۇلۇم بويىچە ئەسلىسۇن. بۇ بىر ئېتىقادچى ئۈچۈن ناھايىتى مۇۋاپىق ۋە مۇھىم، چۈنكى ئۇنىڭ ھاياتى ھەر ۋاقىت خەۋپ ئىچىدە. بۇ ئۇنى قۇتقۇزىدۇ. خۇدا ئوغلىڭىزغا ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسىدىكىلەرگە ياردەم قىلغاي.

سىزنىڭ ......

1688- يىلى 10- ئاينىڭ 12- كۈنى

# توققۇزىنچى پارچە خەت

مەن ئەڭ ھۆرمەتلەيدىغان قەدىرلىك ......،

مەن سىزنىڭ ماڭا ئېيتقانلىرىڭىزدىن قىلچە ھەيران بولمايمەن. قالايمىقان ئوي-پىكىرلەر تۈپەيلىدىن ئازابلىنىۋاتقان پەقەت سىزلا ئەمەس. بىزنىڭ ئوي-پىكىرىمىز ئەزەلدىن چېچىلاڭغۇ كېلىدۇ. لېكىن، ئىرادىمىز بەش ئەزايىمىزنىڭ خوجايىنى. ئۇ چوقۇم بىزنىڭ ئوي-پىكىرلىرىمىزنى يىغىشىمىزغا مەسئۇل بولۇشى كېرەك ھەم ئوي-پىكىرلىرىمىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا -ئاخىرقى نىشانىمىزنىڭ ئالدىغا ئېلىپ كېلىشى كېرەك.

بىز دۇئا قىلىشنى ئۆگىنىشكە كىرىشكەندە، ئوي-پىكىرلىرىمىز تېخى تاۋلانمىغان بولىدۇ. ئۇنىڭدا ئاللىقاچان قالايمىقان، چېچىلاڭغۇ گۇناھ ئاداۋەتلىرى ئارىلاشقان بولىدۇ. بۇنى يىغىش ئەلۋەتتە ئاسان ئىش ئەمەس. ئۇنىڭ ئۈستىگە، بىزنىڭ خىيالىمىز بۇ دۇنيانىڭ خىلمۇ خىل ئىشلىرىنى ئويلايدۇ، دائىم بىز ئويلاشنى خالىمىغان ئىشلارنى ئويلايدۇ.

مېنىڭچە، بۇنىڭدىن قۇتۇلۇشنىڭ ئۇسۇلى خۇدانىڭ ئالدىدا خاتالىقلىرىمىزنى كەمتەرلىك بىلەن بوينىمىزغا ئېلىش بولسا كېرەك. دۇئا قىلغاندا، جىق سۆزلىشىمىزنىڭ ھاجىتى يوق. ئەڭ ياخشىسى، خۇددى جاپاكەش، گاچا، كېسەل تىلەمچى باينىڭ ئىشىكى ئالدىدا تۇرغاندەك، سىزمۇ ئۆزىڭىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا شۇنداق قويۇڭ. قىلىدىغان ئىشىڭىز خۇدانىڭ ئالدىدا ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى قوغداش بولسۇن. ئەگەر ئوي-پىكرىڭىز خۇدادىن ئايرىلىپ، سىرتلاردا سەرسان بولۇپ يۈرسە، بەكمۇ ئەنسىرەپ كەتمەڭ. چۈنكى، ئەنسىرەش ئوي-پىكرىنى تېخىمۇ قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىدۇ. سىز ئىرادىڭىزنى ئىشقا سېلىپ، ئوي-پىكرىڭىزنى تىنچلىق بىلەن چاقىرىپ ئەكىلىڭ. ئەگەر بۇنى داۋاملاشتۇرالىسىڭىز، خۇدا سىزگە رەھىم-شەپقەت قىلىدۇ.

يەنە بىر ئۇسۇل بار، ئۇ بولسىمۇ ئادەتتىكى چاغلاردا ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى بەك يىراقلاشتۇرۇۋەتمەڭ. مۇشۇنداق بولغاندا، دۇئا قىلغان چاغدا دىققىتىڭىز ئازراق چېچىلىپ كەتسىمۇ، ئاسانلا ئەسلىگە كەلتۈرۈۋالالايسىز. سىز ئۆزىڭىزنىڭ ئوي-پىكرىڭىزنىڭ خۇدانىڭ ئالدىدا بولۇشى ئۈچۈن، ئۇنى چوقۇم قوغدىشىڭىز كېرەك. خۇدانى دائىم ئويلاڭ، مۇشۇنداق قىلسىڭىز، دۇئا قىلغاندا ئوي-پىكرىڭىزنى يىغالايسىز.

مەن خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنىڭ پايدىسىنى باشقا خەتلىرىمدە ئاللىقاچان بايان قىلىپ ئۆتتۈم. بىز بۇنى ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويغان ھالدا ئەمەلگە ئاشۇرايلى، ئۆزئارا دۇئا قىلىشايلى.

سىزنىڭ ......

# ئونىنچى پارچە خەت

ھۆرمەتلىك ......،

سىزنىڭ خېتىڭىزگە قوشۇمچە قىلىپ يازغان خېتىم بىر ئايال قېرىندىشىمىنىڭ خېتىگە يازغان جاۋاب خېتىمدۇر. ئۇنىڭغا مېنىڭ ئورنۇمدا تاپشۇرۇپ بېرىڭ. ھېس قىلىشىمچە، ئۇنىڭ بىر گۈزەل ئارزۇسى بار ئىكەن. ئۇ ئۆزىنىڭ ئالغا بېسىشىنىڭ ئېرىشكەن ئىلتىپاتىدىن تېزرەك بولۇشىنى ئۈمىد قىلىدىكەن. ئۇ بىر كۈندىلا مۇقەددەس بولغىلى بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمدىغاندۇ؟ مەن ئۇنى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي. بىز ئۆزئارا نەسىھەت قىلىشىمىز ھەم ئۆزئارا ياخشى ئۈلگىلەرنى قالدۇرۇشىمىز لازىم. ئۇ قىزغىنلىق بىلەن خۇداغا بويسۇنامدۇ ـيوق؟ ئۇنىڭ ئەھۋالىدىن مېنى خەۋەردار قىلىپ تۇرۇڭ.

ئويلاپ باقايلى، بىزنىڭ ئۆمۈرلۈك ئىشىمىز خۇدانى خۇشال قىلىش تۇرسا، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى بىھۇدە ئەمەسمۇ؟ سىز بىلەن ماڭا موناستىردا خىزمەت قىلىۋاتقىنىمىزغا قىرىق يىلدىن ئېشىپتۇ. بىز مۇشۇ ۋاقىت ئىچىدە، خۇدانى زادى ئىزچىل سۆيۈپ، ئۇنىڭ ئۈچۈن خىزمەت قىلالىدۇقمۇـيوق؟ خۇدانىڭ بىزگە ئىلتىپات قىلىشىمۇ دەل مۇشۇ سەۋەبتىندۇر. مەن خۇدانىڭ ئىلگىرى ماڭا ئىلتىپات قىلغىنىنى، ھازىرمۇ ماڭا داۋاملىق ئىلتىپات قىلىۋاتقانلىقىنى ئەسلىسەم، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا مېنىڭ شۇ ئىلتىپاتلارنى ياخشى ئىشلەتمەيۋاتقانلىقىمنى ۋە ئالغا بېسىشىمنىڭ ناھايىتى ئاستىلىقىنى ئويلىسام، ئېغىر خىجالەتچىلىك بىئاراملىق ھېس قىلىمەن.

لېكىن، خۇدا بىزگە داۋاملىق رەھىمـشەپقەت قىلىپ، بىزگە ۋاقىت بېرىۋاتىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز قىزغىنلىقىمىزنى ئۇرغۇتۇپ، قولدىن بېرىپ قويغان ۋاقىتلىرىمىزنى ئەسلەپ تۇرايلى. بىز رەھىمـشەپقەتتى تولۇپـتاشقان ئاتىمىزنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلەيلى، چۈنكى ئۇ بىزنى ئۆزىنىڭ مۇھەببەتلىك قانىتىنىڭ ئاستىغا ئېلىشنى ھەر ۋاقىت ئۈمىد قىلىدۇ. بىزنىڭ ئۇنى رەت قىلىشىمىز ھەرگىز ئۇنىڭدىن كەلگەن ئەمەس. بىز خۇدانى چىن قەلبىمىزدىن سۆيۈشىمىز كېرەك، چۈنكى خۇدا بىزنىڭ سۆيۈشىمىزگە مەڭگۈ ئەرزىيدۇ. بىز خۇدانى توختىماي ئەسلىشىمىز، پۈتۈن قەلبىمىز بىلەن خۇداغا تايىنىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلساق، خۇدانىڭ مول ئىلتىپاتىغا شەكـشۈبھىسىزكى ئۇزۇنغا قالماي ئېرىشىمىز. ئىلتىپات بولغاندىلا، ھەممە ئىشنى قىلغىلى بولىدۇ؛ ئىلتىپات بولمىسا، گۇناھلا ئۆتكۈزىدىغان گەپ.

ئەگەر خۇدانىڭ ئەمەلىي ياردىمى داۋاملىق بولمىسا، ھاياتلىق مۇساپىمىزدە خەتەردىن قېچىپ قۇتۇلالمايمىز. شۇڭا، خۇدادىن ھەر ۋاقىت ياردەم تىلەيلى.

ئەگەر بىز خۇدا بىلەن بىللە بولمىساق، بىز خۇدادىن قانداق تىلىيەلەيمىز؟

ئەگەر بىز خۇدانى دائىم ئەسلىمىسەك، خۇدا بىلەن قانداق بىرگە بولالايمىز؟ ئەگەر بىزدە خۇدانى دائىم ياد ئېتىدىغان ئادەت بولمىسا، خۇدا قانداقسىگە بىزنىڭ قەلبىمىزدە دائىم بولالايدۇ؟ سىز بەلكىم ماڭا سىز دائىم مۇشۇنداق گەپلەرنى قىلامسىز دېيىشىڭىز مۇمكىن. بۇ ھەقىقىي سۆزۈم. چۈنكى، بۇ مەن بىلىدىغان ئەڭ ئاددىي، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. مەندە باشقا ئۇسۇل يوق. مەنمۇ پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنى شۇ سەۋەبتىن ئاگاھلاندۇرىمەنكى، خۇدانى سۆيۈشتىن بۇرۇن بىزدە چوقۇم خۇداغا بولغان تونۇش بولۇشى كېرەك. ئەگەر خۇدانى تونۇساق، خۇدانى چوقۇم ئەستىن چىقارماي، ئۇنى دائىم ئەسلىيەلەيمىز. بىز خۇدانى سۆيسەك، خۇدانى چوقۇم ياد ئېتەلەيمىز. چۈنكى، «سىزنىڭ بايلىقىڭىز نەدە بولسا، قەلبىڭىزمۇ شۇ يەردە بولىدۇ». بۇ سۆزنى قايتا-قايتا ئويلانغايسىز.

سىزنىڭ ......
1689-يىلى 3-ئاينىڭ 28- كۈنى.

# ئون بىرىنچى پارچە خەت

سىڭلىم ......،

سىز مېنىڭ ئۇ ئەپەندىگە خەت يېزىشىمنى تاپىلاپسىز، بۇ ماڭا تەس كېلىۋاتىدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭغا خەت يېزىشىم پۈتۈنلەي سىزنىڭ ۋە ئۇ سىڭلىمىزنىڭ سەۋەبىدىن بولۇۋاتىدۇ. سىزمۇ ئۇنىڭغا بەزى كۆرسەتمىلەرنى بېرىپ خەت يېزىڭ. سىزنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچىڭىزنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى ئاڭلاپ، بەك خۇشال بولدۇم. خۇدا سىزگە تېخىمۇ كۆپ شاپائەتلەرنى ئاتا قىلغاي. دوستىمىز مول ئىلتىپات ۋە ئىشەنچكە ئىگە. مەيلى ھازىر ياكى ئاخىرەتتە بولسۇن، خۇدا ئۆزىنىڭ ئىشەنچلىك ئىكەنلىكىنى مەڭگۈ يوقاتمايدۇ. شۇڭا، بىز ئۆزىمىزنىڭ خۇداغا نىسبەتەن چوڭ ئىشەنچ باغلىغانلىقىمىزدىن قورقمايلى.

ئەگەر ئۇ ئەپەندى ئۆزىنىڭ زىيىنىنى قانداق تولدۇرۇشنى بىلسە، خۇداغا چوقۇم پۈتۈنلەي تايانسۇن. خۇدا ئۇنىڭغا ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇش ئۈچۈن تېخىمۇ قابىلىيەتلىك، تېخىمۇ ياخشى بىرەيلەننى ئاتا قىلىدۇ. چۈنكى، خۇدا ـ ئادەملەرنىڭ قەلبىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان خۇدادۇر. مەن ئۇ ئەپەندىنىڭ ئۆلۈپ كەتكەن دوستىنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن ئەنسىرەپ قالدىم. گەرچە دوستلارنى ياخشى كۆرۈش زۆرۈر بولسىمۇ، لېكىن خۇدانى سۆيىدىغان مۇھەببەت بىلەن دوستلارنى ياخشى كۆرۈشكە بولمايدۇ. چۈنكى، خۇدانى سۆيۈش بىرىنچى ئورۇندا تۇرۇشى كېرەك.

سىزنىڭ ئىلگىرى قىلغان سۆزلىرىمنى يادىڭىزدا تۇتۇپ، خۇدانى دائىم ئەسلىشىڭىزنى، مەيلى كۈندۈز ياكى مەيلى كېچە بولسۇن، مەيلى ئىشىڭىز بار بولسۇن ياكى يوق بولسۇن، خۇدانى ھەمىشە ئەسلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. خۇدا سىزگە ھەر ۋاقىت يېقىنلىشىدۇ ۋە سىز بىلەن بىللە بولىدۇ. خۇدانى يالغۇز تاشلاپ قويماڭ. دوستىڭىز سىزنى يوقلاپ كەلسە، سىز ئۇنى يالغۇز تاشلاپ قويۇشتىن خىجىل بولىسىز يۇ، سىزنى سۆيىدىغان خۇدانى يالغۇز تاشلاپ قويامسىز؟ شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانى ئۇنتۇپ قالماڭ، خۇدانى دائىم ئەسلەڭ، خۇدانى توختىماي ھۆرمەتلەڭ ۋە خۇدا بىلەن سىردىشىڭ. بۇ، بىر ئېتىقادچى شەرەپ بىلىشكە تېگىشلىك ئىشتۇر. ئەگەر بىز بۇ تەرەپنى بىلمىسەك، ئۆگىنەيلى. مەنمۇ سىزگە دۇئايىم ئارقىلىق ياردەم بېرىمەن.

سىزنىڭ ......

1689 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

# ئون ئىككىنچى پارچە خەت

ھۆرمەتلىك ......،

مەن كېسىلىڭىزنىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى تىلەيمەن. پەقەت خۇدانىڭلا سىزگە كۈچ ـ قۇۋۋەت ۋە چىدام ئاتا قىلىشى بىلەن، سىزنىڭ ھەممىگە بەرداشلىق بېرەلىشىڭىزنى تىلەيمەن. خۇدا سەۋەبىدىن خۇشال بولالىغايسىز. خۇدا ئۆزى بۇ كرېستنى سىزگە بەرگەن. ۋاقتى كەلگەندە، خۇدا سىزنى چوقۇم ئازاد قىلىدۇ. خۇدا بىلەن بىللە ئازاب چەككەن كىشى نەقەدەر بەختلىك ـ ھە! سىزمۇ مۇشۇنداق جاپا ئىچىدە، خۇدادىن كۈچ ـ قۇدرىتىنى تىلەپ، بەرداشلىق بەرگەيسىز. ئەگەر خۇدا بۇنى سىزنىڭ ئېھتىياجىڭىز دەپ قارىسا، قىيىنچىلىق مەيلى قانچىلىك كۆپ ۋە ئۇزۇن بولسۇن، چوقۇم بەرداشلىق بېرىشىڭىز كېرەك. بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنمەيدۇ. مەنمۇ بۇنىڭغا ھەيران قالمايمەن. چۈنكى، ئۇلارنىڭ ئازاب چېكىشىگە ئۇلارنىڭ بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرگەنلىكى، ھەرگىزمۇ ئەيسا مەسىھنى سۆيگەنلىكى سەۋەب بولغان ئەمەس. شۇڭا، ئۇلار كېسەل بولۇپ قېلىشنى بىر خىل تەبىئىي ئازاب، ھەرگىزمۇ خۇدانىڭ ئىلتىپاتى، دەپ قارىمايدۇ. مۇشۇنداق بولغاچقا، ئاغرىق ئازابىنىلا ھېس قىلالايدۇ. لېكىن، خۇداغا كېسەللىك ئىچىدە تايىنالىغان ئادەم كېسەللىك خۇدادىن كېلىدۇ، بۇمۇ خۇدانىڭ بىزگە بىر خىل ئىچ ئاغرىتىشى، تەن جەھەتتىكى ئازابىمىز سەۋەبىدىن خۇداغا تېخىمۇ يېقىنلاشساق، روھىمىز قۇتقۇزۇلىدۇ، دەپ قاراپ، ئۇنىڭدىن تەسەللى تاپالايدۇ.

مەن سىزنىڭ خۇدانىڭ كېسەللىك ئىچىدە تۇرغان ئادەمگە يېقىنلىششىنىڭ ئۇنىڭ ساغلام چېغىدىكىگە قارىغاندا تېخىمۇ كۆپرەك بولىدىغانلىقىغا ئىشىنىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. باشقا دوختۇرغا تايانماڭ. مېنىڭچە، سىز كېسىلىڭىزنى داۋالاتماقچى بولۇپ، خۇداغا پۈتۈنلەي تايانسىڭىز، شىپا تاپالايسىز. ئەگەر سىز خۇدادىن بەكرەك دورىلارغا تايانسىڭىز، كېسەل ئازابىڭىز ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ كېتىدۇ.

سىز مەيلى قانداق دورا يېمەڭ، پەقەتلا خۇدانىڭ ئىجازىتى بولسا، دورا سىزگە پايدا قىلىدۇ. ئەگەر ئازاب خۇدادىن كەلگەن بولسا، پەقەت خۇدالا سىزنى ساقايتالايدۇ. خۇدا كىشىلەرگە دائىم تەن جەھەتتىن كېسەللىك بېرىپ، ئۇلارنىڭ روھىنى قۇتقۇزىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭكى، خۇدا ھەم روھنىڭ ھەم تەننىڭ دوختۇرى.

مەن سىزنىڭ ماڭا: «مېنىڭ رەبنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرۇپ، تاماق يەپ، چاي

ئىچكەن ۋاقىتلىرىم نەقەدەر ئەركىن چاغلار-ھە!» دەيدىغانلىقىڭىزنى بىلىمەن. شۇنداق، سىزنىڭ دېگىنىڭىز توغرا. لېكىن، سىز ئويلاپ بېقىڭ، ئەگەر بىر جىنايەتچى پادىشاھ بىلەن ھەمداستىخان بولسا، ھەمدە ئۆزىنىڭ كەچۈرۈلگەن ياكى كەچۈرۈلمىگەنلىكىنى بىلمىسە، سىزنىڭچە ئۇ خۇشال بولالارمۇ؟ مەن ئۇنىڭ چوقۇم قاتتىق ئازابلىنىدىغانلىقىغا ئىشىنىمەن. ئەگەر ئۇ خۇدانىڭ چەكسىز شاپائىتىگە ئىشەنمىسە، بۇنداق ئازابلىنىشتىن خالىي بولالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەن پادىشاھ بىلەن بىر داستىخاندا ئولتۇرغىنىمدا، ھەم ئۆزۈمنىڭ گۇناھلىرىمنى ئويلىسام، ھەم كەچۈرۈلگەنلىكىمنى ھېس قىلالمىسام، چوقۇم قاتتىق ئازابلىنىمەن.

خۇدا سىزگە ئاتا قىلغان شاپائەتكە شۈكۈر قىلغايسىز. سىزنىڭ مېنى قانچىلىك دەرىجىدە بەختلىك دەپ ئويلىشىڭىزدىن قەتئىينەزەر، مەن سىزگە ھەۋەس قىلىمەن. ئەگەر مەن خۇدا بىلەن بىللە جاپا چەكسەم، ھەتتا ئازاب ۋە قىيىنچىلىق ئۇچرىسام‌مۇ، شادىمان بولىمەن. ئەگەر خۇدا بولمىسا، دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ خۇشاللىقمۇ يەنىلا دوزاخقا ئايلىنىدۇ. مېنىڭ بارلىق شادلىقىم دەل خۇدا سەۋەبىدىن ئازاب چېكىشتۇر.

ئۇزۇن ئۆتمەي، مەن خۇدانىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇنىڭغا ھېسابات بېرىمەن. بۇ ماڭا ھاياتىمدا ئەڭ تەسەللى بولىدىغان ئىش. شۇنداقلا، خۇدانى ئىشەنچىم ئارقىلىق كۆرەلىگەنلىكىمدۇر. مەن ئىشەنچىنىڭ نېمىنى كۆرەلەيدىغانلىقىنى بىلىمەن. مەن ئىشەنچ ئىچىدە مەيلى ھايات بولاي ياكى ئۆلەي، خۇدا بىلەن بىللە بولالايمەن. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىلەن داۋاملىق بىللە بولۇڭ. چۈنكى، بۇ ئازابلىرىڭىزغا بېرىلىدىغان بىردىنبىر ياردەم ۋە تەسەللى. مەن خۇدادىن ئۇنىڭ سىزگە ھەرۋاقىت ھەمراھ بولۇشىنى تىلەيمەن.

سىزنىڭ ......
1690-يىلى 11-ئاينىڭ 17-كۈنى

# ئون ئۈچىنچى پارچە خەت

مېنىڭ ......،

ئەگەر بىزدە خۇدا بىلەن بىللە بولىدىغان ئادەت بولسا، تەن جەھەتتىكى ئاغرىق ئازابىمىز خېلىلا يەڭگىللەيدۇ. خۇدا بىزنىڭ دائىم پاكلىنىشىمىز ھەم ئۆزى بىلەن داۋاملىق بىللە بولۇشىمىز ئۈچۈن، بىزنىڭ ئازاب چېكىشىمىزگە يول قويىدۇ.

خۇدانى پۈتۈن قەلبى بىلەن سۆيىدىغان ۋە خۇدا بىلەن بىللە بولىدىغان ئادەمنىڭ قانداقلارچە ئازابلىنىدىغانلىقىنى چۈشەنمەيمەن. مەندە قىلچە ئىككىلەنمەي تۇرۇپ، مۇشۇ گەپنى قىلغۇدەك يېتەرلىك سەرگۈزەشتە بار.

سىز خۇداغا بارلىق ئازابلىرىڭىزنى جۈرئەتلىك تاپشۇرۇڭ ھەمدە خۇدادىن بەرداشلىق بېرەلىشىڭىز ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت تىلەڭ. ئەڭ مۇھىمى، خۇدا بىلەن داۋاملىق ئالاقىلىشىپ، خۇدانى ھەر ۋاقىت ئويلاڭ، خۇداغا ئۆزىڭىزنى ھەر ۋاقىت تاپشۇرۇپ، كېسەللىك ئىچىدە خۇدانى مەدھىيىلەڭ. ئەڭ ئازابلانغان چاغلىرىڭىزدا، خۇدانى كەمتەرلىك ۋە مۇھەببەت بىلەن ئىزدەڭ. (خۇددى ياخشى كۆرۈلۈشكە ئېرىشكەن بالا ئاتىسىنىڭ ئالدىغا بارغاندەك) خۇدادىن ياردەمگە ئېرىشىش ئۈچۈن ئىلتىپات تىلەڭ. شۇنداقلا، خۇدانىڭ مۇقەددەس ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىڭ. مەنمۇ ئانچە مۇكەممەل بولمىغان دۇئالىرىم ئارقىلىق سىزگە ياردەم بېرىمەن.

خۇدا بىزنى ئۆزىگە مەنسۇپ قىلىشتا، بىزنى ھەر خىل ئۇسۇللار بىلەن ئۆزىگە رام قىلىدۇ. ئۇ بەزىدە بىزگە نىسبەتەن يوشۇرۇن بولىدۇ، لېكىن خۇدا ئىچىدىكى ئىشەنچلا بىزنىڭ ياردەمچىمىزدۇر ھەمدە ئۇ تايانچىمىزنىڭ ئاساسى! ئىشەنچنىڭ ئۆنۈمى ناھايىتى زور بولىدۇ.

مەن خۇدانىڭ مېنى قانداق ئورۇنلاشتۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. مەن پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەرنىڭ ئازاب چېكىپ، پەقەت ئۆزۈمنىڭلا خۇشاللىقنىڭ چوڭقۇرلۇقىنى كۆرمەكتىمەن. گەرچە مەن ئېچىنىشلىق ئازابلارنى تارتىشقا لايىق بولساممۇ، لېكىن مەن ئەڭ زور خۇشاللىقتىن بەھرىمەن بولۇۋاتىمەن. مەن ھەتتا بۇ خۇشاللىقنى ئىچىمگە سىغدۇرالمايۋاتىمەن.

گەرچە بەك ئاجىز بولساممۇ، خۇدادىن سىز تارتىۋاتقان ئازابلاردىن ماڭا ئازراق بۆلۈپ بېرىشىنى تىلەيمەن. ئەگەر خۇدا مەندىن بىر سېكۇنتلا ئايرىلسا، مەن دۇنيادىكى ئەڭ ئەسكى ئادەمگە ئايلىنىپ قالىمەن. لېكىن، مەن خۇدانىڭ مەندىن

ئايرىلىدىغانلىقىغا ئىشەنمەيمەن. چۈنكى، ئىشەنچىم مېنى كۈچلۈك ئاساسقا ئىگە قىلدى. مەن ئالدى بىلەن خۇدادىن ئايرىلمىساملا، خۇدا مەندىن مەڭگۈ ئايرىلمايدۇ. بىز سەگەك بولۇپ، خۇدادىن ئايرىلمايلى. خۇدا بىلەن مەڭگۈ بىرگە بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن ھايات-ماماتلىقىمىزدا بىللە بولايلى. مەن ئۈچۈن مۇشۇنداق دۇئا قىلغايسىز، مەنمۇ سىز ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن.

سىزنىڭ ......

1690- يىلى، 11- ئاينىڭ 28- كۈنى

# ئون تۆتىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

سىزنىڭ مۇنداق ئۇزۇن كېسەل تارتقانلىقىڭىزدىن كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۇ ئازابلارنىڭ خۇدانىڭ سىزنى سۆيىدىغانلىقىنىڭ بەلگىسى ئىكەنلىكىگە چوڭقۇر ئىشەنگىنىمدە، كۆڭلۈم ئازراق بولسىمۇ تەسەللى تېپىپ قالىدۇ. سىزمۇ مۇشۇنداق قارىسىڭىز، بەرداشلىق بېرىشىڭىز ئاسانلىشىشى مۇمكىن. مېنىڭچە، سىز دورا ئىچىۋەرمەي، خۇداغا تايىنىڭ. بەلكىم بۇ، خۇدانىڭ ئىرادىسىدۇر. خۇدا سىزنىڭ پۈتۈنلەي ئۆزىگە تايىنىپ، شىپا تېپىشىڭىزنى ساقلاۋاتىدۇ. بارلىق كۈتۈنۈشلەر ۋە بارلىق دورىلار سىزنىڭ كېسىلىڭىزگە شىپا بولماستىن، ئەكسىچە كېسىلىڭىزنى ئېغىرلاشتۇرۇۋېتىشى مۇمكىن. شۇڭا، سىز ئۆزىڭىزنى خۇداغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ، ئۇنىڭغا تايىنىڭ. بۇ ھەرگىزمۇ خۇدانى سىنىغانلىق ئەمەس.

ئالدىنقى خېتىمدە، سىزگە خۇدانىڭ سىزنىڭ روھىي جەھەتتىكى كېسىلىڭىزنى داۋالاش ئۈچۈن، سىزگە تەن جەھەتتىكى كېسەللىكنى بەرگەنلىكىنى ئېيتقانىدىم. شۇڭا، سىز جۈرئەتلىك بولۇپ، خۇدادىن كېسىلىڭىزنىڭ ساقىيىپ كېتىشىنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ كۈچ ـ قۇۋۋەت بېرىشىنى ۋە بۇ ئارقىلىق بەرداشلىق بېرەلىشىڭىزنى تىلەڭ. خۇدانى سۆيگەنلىكىڭىز سەۋەبىدىن، ئەگەر خۇدا خالايدىغانلا ھەمدە خۇشال بولىدىغانلا ئىش بولسا، كېسىلىڭىزنىڭ ساقىيىش ۋاقتىنى كەينىگە سۈرۈۋەرسۇن.

ئەمەلىي ئەھۋالدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، بۇنداق دۇئا ھەقىقەتەن تەس. لېكىن، بۇ خۇدانى خۇشال قىلىدۇ ھەمدە خۇدانى سۆيگۈچىلەر ئۈچۈن بۇنداق دۇئا ناھايىتىمۇ شېرىندۇر. مۇھەببەت ئاچچىقنى ھەسەلگە ئايلاندۇرالايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم خۇدانى سۆيسە، خۇدا ئۈچۈن جاپا تارتسا، خۇشاللىقتا چۆمەلەيدۇ ۋە باتۇر بولۇپ كېتىدۇ. مېنىڭ سىزگە مۇشۇنداق قىلىش توغرىسىدا نەسىھەت قىلىشىم خۇدادىن تەسەللىگە ئېرىششىڭىز ئۈچۈندۇر. خۇدا بىردىنبىر دوختۇر. خۇدا جاپاكەشلەرنىڭ ئاتىسى. خۇدا بىزنى قۇتقۇزۇش ئۈچۈن بىزنى ساقلىماقتا. خۇدانىڭ بىزنى سۆيۈشى بىز ئويلىغاندىنمۇ ئارتۇق. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدانى سۆيۈڭ. خۇدادىن باشقا ھېچكىمدىن شىپالىق تىلىمەڭ. مەن سىزنىڭ دورا ئىشلەتمەسلىكىڭىزنى ۋە سالامەتلىكىڭىزنىڭ بالدۇرراق ئەسلىگە كېلىشىنى ئارزۇ قىلىمەن. خەير خوش! گەرچە مەن دۇئانى ياخشى قىلالمىساممۇ، دۇئا ئارقىلىق سىزگە ياردەم بېرىپ تۇرىمەن.

سىزنىڭ خۇدا ئىچىدىكى ......

# ئون بەشىنچى پارچە خەت

ئەڭ قەدىرلىك بولغان ......،

خۇدايىمىزغا شۈكۈر، چۈنكى ئۇ سالامەتلىكىڭىزنى ياخشىلىدى. مەنمۇ بىر نەچچە قېتىم قاتتىق ئاغرىپ قالدىم، لېكىن ھەم خۇشال ھەم رازى بولدۇم. مەن ھەرگىزمۇ شىپا تېپىشنى ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ ماڭا كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلىشنى ۋە بۇ ئارقىلىق مېنىڭ باتۇرلۇق ھەم مۇلايىملىق بىلەن بەرداشلىق بېرەلىشىمنى تىلىدىم. ئېھ! خۇدا بىلەن بىللە ئازاب تارتىش نېمە دېگەن شېرىن-ھە! قىيىنچىلىقنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، خۇدانى مۇھەببەت بىلەن ھەممىشە قوبۇل قىلىش كېرەك ئىكەن. خۇدا بىلەن بىللە جاپا تارتىش شادلىق ئىكەن. شۇنداق بولغاندا، بۇ دۇنيادا بىز شادلىققا ئېرىشىدىكەنمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن، خۇدا بىلەن كەمتەرلىك ۋە مۇھەببەت ئارقىلىق دائىم ئالاقىلىشىپ تۇرايلى، روھىمىزنى سەرسانلىقتا قالدۇرمايلى. قەلبىمىزنى روھىمىزنىڭ ئىبادەتخانىسى قىلىپ، بۇ ئىبادەتخانىدا خۇداغا توختىماي سەجدە قىلايلى. بىز ھەر ۋاقىت سەگەك تۇرۇپ، خۇدا ياقتۇرمايدىغان ئىشنى قىلمايلى، دېمەيلى، ئويلىمايلى. بىز خۇداغا مانا شۇنداق تولغان چېغىمىزدا، جاپا-مۇشەققەتلەر بىزگە شېرىن تۇيۇلۇپ، تەسەللى تاپالايمىز.

بىلىمەن، مۇشۇنداق بىر مەنزىلگە يەتمەك دەسلەپتە ناھايىتى تەس، چۈنكى بۇ چوڭقۇر ۋە ساپ ئىشەنچ تەلەپ قىلىدۇ. لېكىن، بىلىشىمىز كېرەككى، گەرچە تەس بولسىمۇ، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى بولسىلا، ھەممە ئىشنى قىلالايمىز. ئەگەر سىز چىن قەلبىڭىزدىن تىلىسىڭىز، خۇدا سىزگە چوقۇم ئىلتىپات ئاتا قىلىدۇ. ئىشىكنى چەكسىڭىز، خۇدا ئەڭ ياخشى دەپ قارىغان چاغدا، سىز ئۈچۈن ئىشىكنى ئاچىدۇ. خۇدا ھەم سىزنىڭ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى تىلىگەن تىلەكلىرىڭىزنى ئىجابەت قىلىدۇ. مەن سىز ئۈچۈن دۇئا قىلغاندەك، سىزمۇ مەن ئۈچۈن دۇئا قىلىڭ. مەن ئۇزۇن ئۆتمەي خۇدانىڭ يېنىغا كېتىشىمنى ئارزۇ قىلىمەن. خەير خوش!

سىزنىڭ ......
1691- يىلى، 1- ئاينىڭ 22- كۈنى

# ئون ئالتىنچى پارچە خەت

قەدىرلىك ......،

خۇدا بىزنىڭ ئېھتىياجلىرىمىزنى ھەممىدىن بەك بىلىدۇ، خۇدانىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرى بىزنىڭ مەنپەئەتىمىز ئۈچۈندۇر. ئەگەر بىز خۇدانىڭ بىزنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىنى بىلسەك، ئۇنداقتا خۇدادىن كەلگەن بارلىق خۇشاللىق ۋە قايغۇنى ئوخشاشلا قوبۇل قىلالايلى. چۈنكى، خۇدادىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ يامىنى يوق. ئەگەر بىز مۇشۇنداق قارايدىغان بولساق، ئەڭ زور ئازابلارغىمۇ بەرداشلىق بېرەلەيمىز ۋە ئازابلانمايمىز. مەن بۇ ئازابلارنىڭ خۇدادىن مېنى كەمتەر قىلىش ئۈچۈن كەلگىنىنى بىلگىنىمدە، مەن ئۈچۈن بۇ ئاچچىقلار ئۆزىنىڭ ئاچچىق تەمىنى يوقىتىدۇ، نالە-پەريادىم كۈلكىگە ئايلىنىدۇ.

بىز خۇدانى تونۇشنى ئۆگىنىۋالايلى. سىز خۇدانى قانچە كۆپ تونۇغانسېرى، خۇدانى تېخىمۇ كۆپرەك تونۇشنى خالايسىز. چۈنكى، خۇدانى سۆيۈشنىڭ دەرىجىسى بىلەن خۇدانى تونۇشنىڭ دەرىجىسى ئوڭ تاناسىپ. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز خۇدانى قانچە چوڭقۇر، قانچە كۆپ تونۇسىڭىز، خۇدانى شۇنچە چوڭقۇر، شۇنچە كۆپ سۆيەلەيسىز.

ئەگەر بىزدە خۇدانى ھەقىقەتەن سۆيەلەيدىغان قەلب بولسا، ئۇنداقتا مەيلى ئازاب ياكى خۇشاللىقتا ئۇچرايلى، خۇدانى ئوخشاشلا سۆيەلەيمىز. ھەرگىزمۇ ھېسسىياتىڭىزدىكى خۇشاللىق تۇيغۇڭىز بىلەن خۇدانى ئىزدەپ، خۇدانى سۆيىدىغان ئىشنى قىلماڭ. بۇ تۇيغۇنىڭ قانچىلىك ياخشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇ ھەرگىزمۇ بىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا ئىشەنچتەك ئېلىپ بارالمايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، بىز خۇدانى ئىشەنچ ئارقىلىق ئىزدەيلى. سىزنىڭ خۇدانى باشقا جايغا بېرىپ ئىزدىشىڭىزنىڭ ھاجىتى يوق، چۈنكى خۇدا سىزنىڭ قەلبىڭىزدە. بىز ھەقىقەتەنمۇ ئەيىبلىنىشكە لايىق. چۈنكى، بىز ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن ئاۋارە بولۇپ، خۇدانى بىر تەرەپكە قايرىپ قويىمىز. بۇ ئەرزىمەس ئىشلار خۇدانى خۇشال قىلمايلا قالماي، ئۇنى يەنە رەنجىتىدۇ. گەرچە خۇدا ھازىرچە بۇ ئىشلىرىمىزغا چىداپ تۇرغىنى بىلەن، لېكىن ھامىنى بىز قىلغانلىرىمىز ئۈچۈن بىر كۈنى چوڭ بەدەل تۆلەپ كېتىمىز. بىز خۇدا ئۈچۈن قىزغىنلىق بىلەن خىزمەت قىلايلى. باشقا ئىشلارنى بىر ياققا قايرىپ قويۇپ، ئۇلارنى كۆڭلىمىزگە ئالمايلى. خۇدادىن ئىلتىپات تىلەپ، ھەممىنى ئۇنىڭ باشقۇرۇشىغا قويايلى. ئەگەر بىز مۇشۇنداق قىلىشنى خالىساق، خۇدا بىزنىڭ قەلبىمىزدە ئۇزۇنغا قالماي ئۆمىدكە ئايلىنىدۇ. خۇدانىڭ بىزگە ئاتا

قىلغان قۇتقۇزۇشىغا نىسبەتەن، مەن قانداق سۆزلەر ئارقىلىق رەھمەت ئېيتىشىمنى بىلمەيمەن.

خۇدا بىلەن خۇدانىڭ رەھىم-شەپقىتى بىلەن يېقىن كەلگۈسىدە دىدار كۆرۈشۈشنى ئارزۇ قىلىمەن. بىز ئۆزئارا دۇئا قىلىشايلى.

سىزنىڭ ......
1691-يىلى، 2- ئاينىڭ 6- كۈنى

(ئۇ ئىككى كۈندىن كېيىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى ۋە بىر ھەپتىگە يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە جەننەتكە كەتتى)

# روھقا ئائىت ھېكمەتلەر

## كىرىش سۆز

«خۇدا بىلەن بىللە بولۇش» دېگەن قىسمىنى ئوقۇغان ئادەم لاۋرېنسقا نىسبەتەن مەلۇم تونۇشقا ئىگە بولالايدۇ. ئۇنىڭ ئىزدىنىشى ۋە خۇشاللىقى دەل خۇدا بىلەن بىر ئۆمۈر بىللە بولۇپ، خۇدا بىلەن توختىماي يېقىنلىشىش بولغان.

بۇ كىتابنى ئوقۇشتىكى مەقسەت ئۇنىڭ مەزمۇنىنى ئىگىلەش ئەمەس، بەلكى خۇدا بىلەن ھەر كۈنى بىللە بولۇشنى، خۇدانى سۆيۈشنى، خۇداغا ئىبادەت قىلىشنى مەشىق قىلىشتۇر. ئۆز-ئۆزىڭىزنى ھەرگىزمۇ مەغلۇبىيتىڭىز بىلەن ئالدىماڭ. ئۆزىڭىزنىڭ يارىسىنىلا (ئەيىبىڭىزنى) كۆرۈپ، تەلمۈرمەي (كرېست ئۈستىدىكى رەبكە)، چۆل-باياۋاندا ئۆلۈپ كەتمەڭ. شۇنداقلا، خۇدانىڭ مۇھەببىتى ۋە كۈچ-قۇدرىتىدىن گۇمانلانماڭ. چۈنكى، خۇدا يوقنى بار قىلالايدۇ، ئۆلۈكنى تىرىلدۈرەلەيدۇ. خۇدانىڭ كۈچى نېمە دېگەن زور-ھە! ھەتتا بىز تېخى گۇناھكار ۋاقتىمىزدا، خۇدا ئۆز ئوغلىنى بىز ئۈچۈن ئۆلۈشكە ئەۋەتتى. خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى نەقەدەر چوڭقۇر-ھە! بۈگۈن بىز سىنا تېغىغا كەلدۇق. بۇ يەردە قىممەتلىك قان (خۇدانىڭ ئادىل تەلەپلىرىگە قىممەتلىك قان ماقۇل بولدى) بار. خۇدانىڭ تەختىدە مېھىر-شەپقەت بار. ھەممە نەرسە مۇھەببەت، ھەممىسى ئىلتىپاتتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، سىز خۇداغا ئەسلى قىياپىتىڭىز بويىچە قورقماي يېقىنلىشىڭ، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا يېقىنلىشىڭ. ئاڭلاڭ! خۇدا سىزگە نەقەدەر يېقىن-ھە! «خۇدانى نەدىن ئىزدەيمىز؟ مېھىر-مۇھەببەتلىك قەلبتىن. ئەڭگۈشتەر نەدە؟ بوتۇلكىدا ساقلاقلىق». بۇ يەردە يەنە قىممەتلىك ئىجازەت بار. ئۇ بولسىمۇ «سىلەر خۇداغا يېقىنلاشساڭلار، خۇدامۇ سىلەرگە چوقۇم يېقىنلىشىدۇ» («ياقۇپ يازغان خەت» 4-باب، 8-ئايەت). خۇدا سىزنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىڭىزنى ساقلاۋاتىدۇ.

يۈچېڭخۇا

# لاۋرېنسنىڭ روھقا ئائىت ھېكمەتلىرى

.1

ئوي-پىكىرلىرىمىز، سۆزلىرىمىز ۋە قىلغان ئىشلىرىمىزنىڭ ھەممىسىدە خۇدانى ۋە خۇدانىڭ شان-شەرىپىنى ئالدىنقى شەرت قىلىشىمىز لازىم. بۇ ھاياتتا شۇنداق مەقسەت بولۇشى كېرەككى، ئۆزىمىزنى خۇداغا ئاتاپ، خۇددى مەڭگۈلۈك باقىي ئالەمدىكى يېتىلگەن ئىبادەت قىلغۇچىدەك بولۇشىمىز كېرەك. يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇش سەپىرىمىزدە، خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىق ياردىمىگە تايىنىپ، قەتئىي ئىرادە باغلاپ، خىلمۇ خىل قىيىنچىلىقلارنى يېڭىشىمىز لازىم.

.2

يېتىلگەن ئېتىقادچىلىق ھاياتىغا قەدەم قويغان چېغىمىزدا، ئۆزىمىزنىڭ كەملىكىنى چوڭقۇر ئويلىشىمىز كېرەك. ئاندىن كۆرەلەيمىزكى، بىز مۇتلەق كەمسىتىلىشكە تامامەن لايىق، ئەيسا مەسىھنىڭ نامىغا لايىق ئەمەسمىز. بىزنىڭ ئىللەتلىرىمىز ۋە ئاجىزلىقلىرىمىز كۆپ، ساغلام ھايات كەچۈرەلمەيمىز، دائىم تەۋرىنىپ مۇقىم ھايات كەچۈرەلمەيمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ خۇدانىڭ نىيىتى بولۇپ، خۇدا بىزنى بىزنىڭ ئىچ-تېشىمىزدا، ھەر خىل قىيىنچىلىقلار بىلەن تەربىيىلەپ، بىزنى كەمتەر قىلماقچى.

.3

بىز خۇدانىڭ بىزگە بەرگەن تەنبىھىنىڭ بىزگە پايدىلىق ئىكەنلىكىگە قەتئىي ئىشىنىپ، گۇمانلانماسلىقىمىز كېرەك. خۇدانىڭ تەنبىھى خۇدانىڭ گۈزەل ئىرادىسىدۇر. خۇدا بىزنىڭ ھەر خىل قىيىنچىلىقلارغا ئۇچراپ، چېنىقتۇرۇلۇشىمىزغا يول قويغان. بۇ، خۇدانىڭ بىزگە نىسبەتەن ئورۇنلاشتۇرۇشى. بىز خۇدا ئۈچۈن ھەر خىل جاپا-مۇشەققەتلەرگە بەرداشلىق بېرىشىمىز لازىم. خۇدانىڭ قارىشىچە، بۇ بىزنىڭ ئېھتىياجىمىز. چۈنكى، ئەگەر بىزنىڭ قەلبىمىز خۇدانىڭ ئىرادىسى ئاستىدا بولمىسا، خۇداغا تەلتۆكۈس خىزمەت قىلىشىمىز مۇمكىن ئەمەس.

.4

ئادەم ئېتىقادتا ئۆسۈپ يېتىلگەنسېرى، ئۇ خۇداغا شۇنچە تايىنىدىغان بولىدۇ. ھەتتا خۇدانىڭ ئىلتىپاتىغا ھەر مىنۇت موھتاج بولىدۇ. ئەگەر ئىلتىپات بولمىسا، ئادەم ھېچنېمە قىلالمايدۇ. پانىي دۇنيا، شەيتان ۋە بەدەن ئۈچى بىرلىشىپ، ئېتىقادچىلارغا كەسكىن، زېرىكمەي ھۇجۇم قىلىدۇ. ئەگەر سىز ئۆزىڭىز بىلەن دائىم بىللە بولغۇچىنىڭ ياردىمىگە كەمتەرلىك بىلەن تايانمىسىڭىز، سىز ئۇ ئۈچىگە مەيلى قانداقلا قارشى تۇرماڭ، ئۇلار سىزنى تارتىپ چۈشۈرۈۋېتىدۇ. ئادەمنىڭ

تەبىئىتى تايىنىشنى ياخشى كۆرمەيدۇ، لېكىن ئىلتىپات سىزنى تاياندۇرىدۇ ھەم سىزگە تايىنىشتىن كېلىدىغان خۇشاللىقنى ئاتا قىلالايدۇ.

## يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇش مەقسىتىگە يېتىشتىكى مەشىق

.1

يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇشتىكى ئەڭ مۇقەددەس، ئەڭ ئاددىي ۋە ئەڭ زۆرۈر مەشىق دەل خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتۇر. مانا بۇ روھقا تەۋە بولۇشتىكى تەلىم. ئەگەر خۇدا سىزنىڭ ھەمراھىڭىز بولسا، سىز چوقۇم خۇشاللىقتا ئېرىشەلەيسىز. ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا، ھېچقانداق چارە-ئامال ۋە قائىدىلەرنى كېرەك قىلماي، پەقەت خۇدا بىلەن ھەر ۋاقىت كەمتەرلىك ۋە مۇھەببەت بىلەن پاراڭلىشىڭ. بۇنى مەيلى سىناقتا بولۇڭ، قىيىنچىلىق تارتىۋاتقىنىڭىزدا، قورقۇپ كەتكىنىڭىزدە، خۇدادىن زېرىككەن ۋە خۇداغا سادىق بولمىغان ۋاقىتلىرىڭىزدىمۇ، ھەتتا گۇناھقا پاتقان چاغلىرىڭىزدىمۇ مەشىق قىلسىڭىز بولىدۇ.

.2

بىز ھەر ۋاقىت بىرلا مەقسەتكە يېتىشىمىز، يەنى خۇدا بىلەن ئالاقىمىزگە توسالغۇلۇق قىلىدىغان بارلىق ھەرىكەتلەرنى باشقۇرۇشىمىز كېرەك. لېكىن، ئۇنى تەھلىل قىلىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇنى قەلبىمىزدىن تەبىئىي ھالدا چىقىرىۋەتسەكلا بولىدۇ.

.3

قىلىۋاتقان بارلىق ئىشلىرىمىزنى كۆڭۈل قويۇپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن قىلايلى. ئالدىراقسانلىق قىلىشقا، جىددىيلىشىشكە بولمايدۇ. ئالدىراقسانلىق بىلەن جىددىيلىشىش ئوي-پىكرىمىزنى يېتەرلىك چېنىقتۇرمىغان -لىقىمىزنىڭ ئىپادىسى. خىزمەتنى جىمجىت، مۇقىم ۋە مۇھەببەتلىك قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇدادىن قولىمىزدىكى خىزمەت ئۈچۈن بەرىكەت تىلىشىمىز لازىم. قەلبىمىز ۋە نىيىتىمىز خۇدادا بولسا، شەيتاننىڭ كاللىسىنى يانجىپ، ئۇنىڭ بارلىق قوراللىرىنى تارتىۋالالايمىز.

.4

ئالدىراش ۋاقىتلاردا ياكى روھىي جەھەتتىكى ئىشلارنى ئويلىغان ۋە ياكى كۆڭۈل قويۇپ دۇئا قىلغان ۋاقتىمىزدا، بىز ئۆزلۈكسىز توختاپ (سانى قانچە كۆپ بولسا، شۇنچە ياخشى)، قەلبىمىزگە چوڭقۇر چۆكۈپ، خۇداغا سەجدە قىلىشىمىز

كېرەك. جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنى تۇتايلى، ئۇنى كۆرەيلى. سىز ھەممە ئىشلىرىڭىزدا خۇدانىڭ سىز بىلەن بىللە بولىدىغانلىقىنى، خۇدانىڭ قەلبىڭىزنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا تۇرىدىغانلىقىنى بىلگەنىكەنسىز، ئۇنداقتا نېمە ئۈچۈن ئىشلەۋاتقان ياكى دۇئا قىلىۋاتقان ۋاقتىڭىزدا، ئۆزلۈكۈڭىزدىن توختاپ، خۇداغا چىن قەلبىڭىزدىن ھەمدۇسانا ئېيتمايسىز؟ خۇداغا سەجدە قىلمايسىز؟ خۇدادىن ياردەم سورىمايسىز؟ خىزمەتلىرىڭىزنى خۇداغا چىن قەلبىڭىزدىن تاپشۇرمايسىز ھەم خۇدانىڭ مېھىر-مۇھەببىتى ۋە رەھىمدىللىكىگە رەھمەت ئېيتمايسىز؟

ئۆزىمىزنى خۇداغا قانداق ئاتىساق، خۇدا قوبۇل قىلىدۇ؟ ئۇ دەل بىر كۈنلۈك خىزمەتتىن ئازراق ۋاقىت ئاجرىتىپ، خۇداغا چىن قەلبىڭىزدىن ئىبادەت قىلىش ئەمەسمۇ! مۇشۇنداق قىلغاندا يەنە ئۆزىنى سۆيۈشنى يوقاتقىلى بولىدۇ. چۈنكى، ئۆزىنى سۆيۈش تاشقى شەيئىلەردە كۆرۈلىدۇ. ئادەم ئەگەر خۇدانىڭ ئالدىدا تىنچلىنالىسا، ئۆزىنى سۆيۈشتىن تەبئىي ھالدا قۇتۇلالايدۇ.

راستىنى ئېيتقاندا، ئادەم يارىتىلغان نەرسىلەردىن ئايرىلىپ، پەقەتلا خۇدانى ئۆزىنىڭ خۇشاللىقى دەپ بىلسە (ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ)، بۇ دەل بىزنىڭ خۇداغا بولغان ئىشەنچىمىز ۋە سادىقلىقىمىزنىڭ ئىسپاتى بولىدۇ. خاتا چۈشىنىپ قالماڭكى، مەن سىرتتىكى خىزمىتىڭىزنى پۈتۈنلەي ۋە مەڭگۈلۈك تاشلاڭ، دەپ نەسىھەت قىلماقچى ئەمەسمەن. چۈنكى، بۇ مۇمكىن بولمايدىغان ئىش. ئېھتىياتچان بولۇش پەزىلەتلەرنىڭ ئاتىسى. ئۇ سىزنى مۇۋاپىق ئىش قىلىشقا ئۈندەيدۇ. لېكىن، مېنىڭچە ئېتىقادچىلاردا ئومۇملاشقان بىر خاتالىق بار، ئۇ بولسىمۇ ئۇلار دائىم توختاپ، چىن قەلبىدىن ئىبادەت قىلىپ، خۇدا بىلەن بىللە بولغان چاغدىكى خاتىرجەملىكتىن بەھرىمەن بولمايدۇ. كىشىلەرنىڭ بۇنىڭغا سەل قارىغىنىغا بەك ئۇزۇن بولدى، شۇڭا بىز ئارقىمىزغا يانايلى!

.5

بۇ خىل ئىبادەت ئىشەنچتىن كېلىدۇ ھەم ئۇنىڭ يېتەكچىلىكىدە بولىدۇ. بىز خۇدانىڭ ھەقىقەتەن قەلبىمىزدە مەۋجۇتلۇقىدىن گۇمانلانماسلىقىمىز كېرەك. شۇڭا، خۇداغا بىز روھىمىزدىن ۋە ھەقىقەتتىن خىزمەت قىلىشىمىز كېرەك. بىز خۇدانىڭ ھەممىنى كۆرۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلىشىمىز كېرەك. خۇدانىڭ ئالدىدا قەلبىمىز ۋە يارىتىلغان ھەممە نەرسىلەر ئاپئاشكارىدۇر. خۇدا ئەزەلدىن بار ھەم مەڭگۈ بار. ھېچقانداق مەۋجۇدات ئۇنىڭسىز ۋۇجۇدقا كەلگەن ئەمەس. خۇدانىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ چېكى يوق. خۇدا تېنىمىز ۋە روھىمىزنىڭ ئۆزىگە مۇتلەق، تۆۋەنچىلىك بىلەن خىزمەت قىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. ئادىللىق بىلەن ئېيتقاندا، بىز ئوي-پىكىر، سۆز ۋە ھەرىكەت جەھەتتە خۇداغا قەرزدارمىز. شۇڭا، بىز ھەممىنى خۇدا ئۈچۈن قىلىشنى، خۇددى قايتۇرۇشقا تېگىشلىك قەرزدەك بىلىشىمىز كېرەك.

.6

بىز ئۆزىمىزدە نېمىنىڭ كەملىكىگە ۋە نېمىنى ئاسان قىلالمايدىغانلىقىمىزغا دىققەت قىلىشىمىز لازىم. شۇنداقلا، قانداق گۇناھنى ئەڭ ئاسان ئۆتكۈزىدىغانلىقىمىزغا دىققەت قىلىشىمىز، شۇنىڭ بىلەن بىرگە قانداق ۋاقىتتا ۋە قانداق ئەھۋال ئاستىدا ئەڭ ئاسان يىقىلىپ چۈشىدىغانلىقىمىزغىمۇ كۆڭۈل قويۇپ دىققەت قىلىشىمىز لازىم. قىيىنالغان چاغلىرىمىزدا، خۇدادىن ياردەم سورايلى. ئۆزىمىزنى خۇداغا تەلتۆكۈس تاپشۇرۇش پوزىتسىيىسى بىلەن شانۇشەۋكەتلىك خۇدانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ، غەم-قايغۇلىرىمىزنى خۇداغا مۇلايىملىق ۋە ھۆرمەت بىلەن دەيلى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىق قۇتقۇزۇشىغا تەلمۈرسەك، خۇدانىڭ كۈچ-قۇدرىتىنى ئاجىزلىقىمىز ئىچىدە كۆرەلەيمىز.

## قانداق قىلغاندا خۇداغا روھتا ۋە سەمىمىيلىكتە ئىبادەت قىلغىلى بولىدۇ؟

بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن ئۈچ نۇقتىغا دىققەت قىلىش كېرەك.

.1

روھ ۋە سەمىمىيلىك بىلەن دۇئا قىلىشنىڭ مەنىسى خۇداغا قەرز بولغان ئىبادەتنى خۇداغا قايتۇرۇش دېگەنلىك بولىدۇ. خۇدا بولسا روھ، شۇڭا بىز چوقۇم خۇداغا روھىمىز ۋە سەمىمىيتىمىز بىلەن ئىبادەت قىلىشىمىز كېرەك. مانا بۇ خۇداغا چىن قەلبىمىزدىن قىلغان بىر خىل سەمىمىي، كەمتەر ۋە ھەقىقىي ئىبادىتىمىزدۇر. پەقەت خۇدالا بۇ خىل ئىبادەتنى كۆرەلەيدۇ. ئەگەر بىز توختىماي مۇشۇنداق ئىبادەت قىلساق، خۇددى خۇدا مەن بىلەن بىرگە، مەن خۇدا بىلەن بىرگە بولغاندەك، مۇشۇنداق ئادەتنى تەبىئىي ھالدا يېتىلدۈرىمىز. مۇشۇنداق ئىبادەت قىلغاندىن كېيىنكى تەجرىبە بۇ ھەقىقەتنى بىزگە تېخىمۇ ئېنىق بىلدۈرىدۇ.

.2

سەمىمىي ئىبادەتتە، خۇدانىڭ خۇدا ئىكەنلىكى ھەم بىزنىڭمۇ كىملىكىمىز ئىقرار قىلىنىدۇ. سەمىمىي دۇئا دەل خۇدانىڭ كىملىكىنى ئىقرار قىلىشتۇر. بۇ، خۇدا چەكسىز مۇكەممەل، چەكسىز ھۆرمەتكە لايىق، گۇناھتىن مۇتلەق خالىي خۇدا دېگەنلىكتۇر. لېكىن، ئادەم بولسا بەكمۇ ئاددىي بولۇپ، ئۇ خۇدا ئېرىشىشكە تېگىشلىك ئىبادەتنى ئۇنىڭغا تەقدىم قىلمىغان بولىدۇ.

3.

شۇنىڭدەك، سەممىي ئىبادەت تۇرمۇشىمىز بىلەن خۇدانىڭ ئىرادىسىنىڭ ئەكسىچە بولىدىغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىشىنىمۇ كۆرسىتىدۇ. بىزنىڭ بىلىملىرىمىزمۇ ئەكسىچە بولىدۇ. ئەگەر بىز خالىساق، خۇدا بىزنىڭ ئۆزىگە ئوخشاش بولۇشىمىزدىن سۆيۈنىدۇ. بىزنىڭ ئارىمىزدا كىممۇ ئەخمەقلىك قىلىپ، ئۆزى خۇداغا قەرز بولغان ھۆرمەتنى، مۇھەببەتنى ۋە خىزمەت قىلىشنى ئۇنىڭغا ئاتاشنى خالىمايدۇ؟ ئەگەر بۇلارنى بىر مىنۇت توختاتساق، بۇمۇ بىزنىڭ ئەخمەقلىكىمىز بولىدۇ.

## خۇدا بىلەن بىرلىشىش

ئادەم بىلەن خۇدانىڭ بىرلىشىشىنى ئۈچ دەرىجىگە ئايرىشقا بولىدۇ. ئۇنىڭ بىرىنچى دەرىجىسىنى ئادەتتىكى بىرلىشىش، ئىككىنچى دەرىجىسىنى ئۈنۈملۈك بىرلىشىش، ئۈچىنچى دەرىجىسىنى ھەقىقىي بىرلىشىش دەيمىز.

1.

بىرىنچى دەرىجىلىك بىرلىشىش ئومۇمىيۈزلۈك بولۇپ، بۇ، خۇدا بىلەن خۇدانىڭ ئىلتىپاتى سەۋەبىدىن بىرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ.

2.

ئۈنۈملۈك بىرلىشىش خۇدا بىلەن ھەرىكەت ئارقىلىق بىرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. بىز بۇ ھەرىكەتنى قانچىلىك ئۇزاق داۋاملاشتۇرساق، خۇدا بىلەن شۇنچىلىك بىرلىشەلەيمىز.

3.

ھەقىقىي بىرلىشىش بولسا خۇدا بىلەن تەلتۆكۈس بىرلىشىشنى كۆرسىتىدۇ. باشقا بىرلىشىشلەردە ئادەم خۇددى ئۇخلاۋاتقاندەك، پاسسىپ ھالەتتە بولىدۇ. ھەقىقىي بىرلىشىشتە بولسا ئادەم ئاكتىپ ئورۇندا بولۇپ، ئوتتىن تېز، قۇياشتىن يورۇق بولىدۇ. ئۇنى ھېچقانداق بۇلۇت توسۇۋالالمايدۇ. لېكىن، تۇيغۇ سەۋەبىدىن ئالدىنىش ئېھتىماللىقىمۇ يوق ئەمەس. بۇ خىل بىرلىشىش باشقىلارنى خۇددى: «خۇدا، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنى ياخشى كۆرىمەن» دېگۈزىدىغان ئۆزىنى باسالماسلىق ئەمەس، بەلكى بۇ بىر خىل ھالەت. ئەگەر تىل بىلەن ئىپادىلەش مۇمكىن بولسا، مەن بۇ ھالەتنى پۈتۈنلەي روھقا تەۋە ھەممىدە شۇنچىلىك ساپ بولۇپ، بىزنى خۇشاللىققا ۋە مۇھەببەتكە تولدۇرالايدۇ، دەپ تەسۋىرلەيمەن. بۇ مۇھەببەت شۇنچىلىك كەمتەر ۋە خۇدادىن شۇنچىلىك ئەيمىنىدۇ. بۇ مۇھەببەت كىشى قەلبىنى ھاياجانغا سالىدۇ. شۇنداقلا، ئادەمنى خۇدانىڭ مۇھەببىتىنىڭ

تەسرى خۇداغا ئىبادەت قىلدۇرماي قالمايدۇ ھەمدە خۇدانى تەسۋىرلىگۈسىز مۇلايىملىق بىلەن قۇچاقلىتىدۇ. بۇلارنى پەقەت ئۆز بېشىدىن كەچۈرگەن ئادەملا بۇ خىل بىرلىششىنى چۈشىنەلەيدۇ.

ھېچكىم قايىل بولماي تۇرالمايدۇكى، خۇدا بىزنىڭ تەسەۋۋۇرىمىزدىن ھالقىپ كەتكەن بولىدۇ. خۇدا بىلەن بىرلىششكە ھەۋەس قىلىدىغان ئادەم مۇنداق بىر ئىشنى چوقۇم قىلىشى كېرەك، يەنى تەنگە ۋە روھقا تەۋە بارلىق قىزىقىش ۋە تاماشالارنى رەت قىلىشتۇر. بۇ سىزنى ئەركىن قىلىپ ۋە ھەممە نەرسىدىن غالىب كەلتۈرۈپ، خۇدانى سىزگە سۆيدۈرىدۇ. ئەگەر قەلبىڭىز خۇدانى تونۇسا، مۇھەببەت بىردىنبىر چىقىش يولىدۇر.

ئادەم قەلبىنىڭ قىزىقىشى ۋە كەيپىياتى ئوخشىمايدۇ. كەيپىياتنىڭ ئەڭ مۇۋاپىق چىقىش يولى مۇھەببەت، مۇھەببەتنىڭ ئوبيېكتى دەل خۇدا.

## خۇدا بىلەن بىللە بولۇش

.1

خۇدا بىلەن بىرلىشىش روھىمىزنى خۇدانىڭ ئالدىغا قويۇش ياكى بىرلا خۇدانى ھېس قىلىش، خۇدانى تەسەۋۋۇر ياكى ئاڭ ئارقىلىق بىلىش دېگەنلىكتۇر.

.2

مېنىڭ بىر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ قىرىق نەچچە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ، خۇدانىڭ ئۆزى بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ئىدراك ئارقىلىق مەشىق قىلدى. ئۇ بۇنىڭغا نۇرغۇن ئىسىملارنى قويدى. ئۇ بەزىدە بۇنى«بىر خىل ئاددىي ھەرىكەت» دەپ ئاتىدى ياكى «خۇدانىڭ تونۇشنى چۈشىنىش» دەپمۇ ئاتىدى. بەزىدە «ئەينەككە قاراش»، «مۇھەببەتلىك نەزەر»، «خۇدانى ئىچىدە ھېس قىلىش»، «خۇدانى ساقلاش»، «خۇدا بىلەن ئاۋازسىز پاراڭلىشىش»، «خۇدانىڭ ئىچىدە ئارام ئېلىش» ۋە «ئادەمنىڭ ھاياتى بىلەن تىنچلىقى» دەپمۇ ئاتىدى. دوستۇم ئېيتىشىچە، بۇلارنىڭ ھەممىسى بىر ئىشنى، يەنى خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى چۈشەندۈرىدىكەن. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ بىللە بولۇش ئۇنىڭ روھىنى تەبىئىي ھالدا تولدۇرغان.

.3

ئۇ توختىماي تىرىشىش ئارقىلىق، ھەمىشە چېچىلاڭغۇ ئوي-پىكىرلىرىنى يىغىپ، ئۇلارنى خۇدا بىلەن بىللە قىلىدىغانلىقىنى، بۇ كېيىنچە ئۇنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، خىزمەتتىن چۈشكەندە ياكى خىزمەت قىلىۋاتقاندا كۆتۈرەڭگۈ روھ بىلەن ھەممە شەيئىلەردىن ھالقىپ، خۇدانىڭ ئالدىدا غەم-ئەندىشىسىز توختايدىغانلىقىنى ئېيتتى. خۇدا ئۇنىڭ ئويلىنىش مەركىزىگە ۋە دائىم ئارام

ئالدىغان جايىغا ئايلانغان. ئۇ خۇدا بىلەن ھەمىشە ئىشەنچ ئارقىلىق بىللە بولىدىكەن. ئۇ بۇنىڭ بىلەن خۇشاللىقتا چۆمىدىكەن. مانا بۇ ئۇ ئېيتماقچى بولغان ھەقىقىي بىرلىشىش (خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتىكى ھالەتلەرنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ). مانا مۇشۇ ۋاقىتتا، ئۇ پۈتۈن دۇنيادا خۇدا بىلەن ئۆزىدىن بۆلەك ھېچكىم يوقتەك ھېس قىلىدىكەن. ئۇ خۇدا بىلەن توختىماي ئالاقىلىشىپ، خۇدادىن ئۆزىنىڭ بارلىق ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشنى تىلەيدىكەن ھەم خۇدانىڭ ئالدىدا يېتەرلىك خۇشاللىققا ئىگە بولىدىكەن.

.4

بىز ياخشى دىققەت قىلايلى، ئۇ خۇدا بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىن ئالاقە ئورناتقان. ئۇنىڭ خۇدا بىلەن بولغان پاكىز قەلب بىلەن قەلب ئوتتۇرىسىدا بولغان. ئادەم خۇدا بىلەن مۇشۇنداق ئالاقىلەشكەندە، ئۇنىڭدا بىر خىل ھەم زور ھەم چوڭقۇر تىنچلىق ئاستا-ئاستا پەيدا بولىدۇ. خۇددى ئوت-چۆپ كۆيۈۋاتقان ئوتقا يېقىنلىشالمىغاندەك، تاشقى دۇنيادىكى بارلىق ئىشلارمۇ ئۇنىڭغا دەخلى قىلالمايدىكەن. بۇ دۇنيانىڭ ئوي-پىكىرلىرىمۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى تىنچلىقنى بۇزۇشقا قادىر ئەمەس ئىكەن.

.5

بىلىشىڭىز كېرەككى، خۇدا بىلەن بىللە بولۇش توغرىسىدا سۆزلىگىنىمىزدە خۇدانىڭ مۇلايىم، مېھىر-مۇھەببەتلىك سىماسى قەلبىڭىزدە ئۆزگە بولغان مۇھەببەت ئوتىنى ئىختىيارسىز يالقۇنجىتىپ، سىزنى قىزغىنلىق بىلەن ئۆزىنى قوچاقلىتىدۇ. ئۇ چاغدا، سىز تاشقى ھېسسىياتىڭىزنى تەڭشىمەي تۇرالمايسىز.

.6

ئەگەر سىز خۇدا بىلەن ئالاقىلىشىشنىڭ پايدىسىنى بىلسىڭىزدى، ھەيران قالغان بولاتتىڭىز. چۈنكى، خۇدا بىزنىڭ ئۆزى بىلەن ئالاقىلىشىمىزنى ياقتۇرىدۇ. خۇدا سىزگە ساناپ تۈگەتكۈسىز ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىپ، سىزنى ئۆزىدىن مەڭگۈ ئايرىيالماس قىلىۋېتىدۇ. خۇدا خۇددى سىزنىڭ يەنە بۇ دۇنيانى سۆيۈپ قېلىشىڭىزدىن قورققاندەك، سىزگە مول ئىلتىپاتلارنى ئاتا قىلىپ، سىزنى ئىشەنچكە ئىگە قىلىپ، سىزنى چەكسىز خۇشاللىقتىن بەھرىمەن قىلىدۇ. بۇ خۇشاللىق سىزنىڭ تەسەۋۋۇرىڭىز ۋە ئەڭ يۈكسەك ئارزۇيىڭىزدىن ھالقىپ كېتىدۇ. ھەممىدە بۇنىڭ ئۈچۈن تىرىشىش ھاجەت ئەمەس، پەقەت قوبۇل قىلىشقا ماقۇل بولسىڭىزلا بولىدى.

.7

خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئادەمنىڭ ھاياتلىقى ۋە ئوزۇقى. خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىق ياردىمىگە تايانغاندا ۋە مەن كۆرسەتكەن ئۇسۇللارنى تىرىشىپ ئىشلەتكەندە، بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

## خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتىكى ئۇسۇل

.1

بىرىنچىسى، يۈكسەك دەرىجىدىكى پاك ھايات بولۇش كېرەك. دىققەت قىلىڭكى، خۇدانى ئوي-پىكرىڭىزدە، بىرەر ئېغىز سۆزىڭىز ۋە ھەرىكىتىڭىزدىمۇ رەنجىتمەڭ. مۇشۇنداق ئىشلار يۈز بېرىپ قالسا، دەرھال توۋا قىلىپ، خۇدانىڭ كەچۈرۈشىنى كەمتەرلىك بىلەن تىلەڭ.

.2

ئىككىنچىسى، خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتا كەم بولسا بولمايدىغان ئەڭ يۇقىرى دەرىجىدىكى سادىقلىقنى مەشىق قىلىڭ. خۇدا بىلەن ئىشەنچ ئارقىلىق بىرگە بولۇشتا سىزدە چوقۇم تىنچلىق، كەمتەرلىك ۋە ھۆرمەت پوزىتسىيىسى بولۇشى كېرەك. ئۆزىڭىزنى بۇ دۇنيانىڭ خىياللىرى بىلەن بۇلغىماڭ.

.3

ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلىشتىن ئاۋۋال، خۇداغا ئەڭ قىسقا ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ تەلمۈرۈڭ، ئىش قىلىۋاتقان چېغىڭىزدىمۇ شۇنداق قىلىڭ، ئىشنى تۈگەتكەن ۋاقتىڭىزدىمۇ خۇداغا يەنە يېقىنلىشىڭ. ئەگەر مەغلۇپ بولسىڭىز، ھەرگىز ئۈمىدسىزلەنمەڭ. چۈنكى، بۇنى ئۆگىنىش ئۈچۈن ۋاقىت ۋە سەۋرچانلىق كېرەك. راستىنى ئېيتقاندا، خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئادىتىنى نۇرغۇن جاپالاردىن كېيىن ئۆگەنگىلى بولىدۇ. لېكىن، غەلىبە قىلغاندىن كېيىنكى خۇشاللىقىڭىز ئىنتايىن زور بولىدۇ.

ھاياتلىقتا، يۈرەك بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ ئەمەسمۇ؟ يۈرەك -سىزنىڭ بەدىنىڭىزنىڭ خوجايىنى. يۈرەك خۇدانى سۆيۈش ۋە خۇداغا ئىبادەت قىلىشتا يەنىلا بىرىنچى ئورۇندا. مەيلى روھقا ياكى تەنگە تەۋە ئىشلاردا بولسۇن، مەيلى باشلىنىشتا ياكى ئاخىرلىشىشتا بولسۇن، يۈرەك تۇرمۇشىمىزدا ھەمىشە ئاساسلىق ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، خۇداغا دىققەت قىلىدىغان ئادەتنى قەلبىمىزدە يېتىلدۈرۈشىمىز لازىم. يۈرەكنى كۆندۈرۈش بەك مۇھىم ئىش. مەن ئاللىقاچان ئېيتىپ ئۆتكەندەك، زورمۇ زور كۈچىمەڭ، ئانالىز قىلىپمۇ ئولتۇرماڭ، خۇداغا پەقەت تەلمۈرسىڭىزلا كۇپايە.

.4

خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشنى مەشىق قىلغۇچىلارغا مەن بىر نەچچە ئىشنى نەسىھەت قىلاي. سىلەر خۇدانىڭ ئالدىدا بەلكىم: «ئى خۇدا، مەن سىزگە پۈتۈنلەي مەنسۇپ. ئاھ، مېنى سۆيگۈچى خۇدا، مەن پۈتۈن ۋۇجۇدۇم بىلەن سىزنى سۆيىمەن، قەلبىم سىزگە ئوخشىغاي» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلىشىڭلار مۇمكىن. شۇنىڭغا دىققەت قىلىش كېرەككى، ئوي-پىكرىڭىز ۋە خىيالىڭىز بۇ دۇنياغا يەنە قېچىپ كېلىۋالماي، پەقەت خۇدادىلا بولسۇن. قەلبىڭىزنى ئىرادە ئارقىلىق بويسۇندۇرسىڭىز، قەلبىڭىز خۇدادىلا بولىدۇ.

.5

خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى مەشىق قىلىش دەسلەپتە بەك جاپالىق، لېكىن ئۇنى سەممىي-سادىقلىق بىلەن ئۆگەنسىڭىز، ئالدىڭىزدا ئاجايىپ ئۈنۈملەرنىڭ پەيدا بولۇپ قالغانلىقىنى سەزمەيلا قالىسىز. بۇ ئۈنۈم خۇدانىڭ مول ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلالايدۇ، كىشىلەرنى ئۆزى بىلەن ھەمىشە بىرگە بولۇۋاتقان خۇدانى كۆرۈشكە يېتەكلەيدۇ. سىز خۇدانى سۆيسىڭىز، خۇدامۇ سىزنى سۆيىدۇ.

.6

ئېسىڭىزدە بولسۇنكى، خۇدا بىلەن بىللە بولۇش مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن، ھەمىشە ئۆزىمىزنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىمىزنى داۋاملىق ئۆلتۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. چۈنكى، ئەگەر ئادەم بۇ دۇنيانى ياخشى كۆرۈپ تۇرۇپ، خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتىكى خۇشاللىقنى ئېرىشىمەن دېيدىكەن، بۇ مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر خۇدا بىلەن بىللە بولىمىز دېيدىكەنمىز، يارىتىلغان بارلىق مەۋجۇداتلارنى ئارقىمىزغا تاشلىشىمىز كېرەك.

## خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنىڭ پايدىسى

.1

بىرىنچى پايدىلىق تەرىپى شۇكى، ئىشەنچىمىز ئېشىپ، تېخىمۇ تېتىكلىشىپ كېتىمىز. بولۇپمۇ، بىز ئېھتىياجلىق چاغدا تېخىمۇ شۇنداق بولىدۇ. چۈنكى، بىز سىناقلارغا دۇچ كەلگەندە، ئىشەنچكە موھتاج بولىمىز. بىز خۇدا بىلەن بىللە بولۇشقا ئادەتلەنگەندىن كېيىن، ئىشەنچ بىزنى يېتەكلەيدۇ، نەتىجىدە خۇدانىڭ بىز بىلەن بىرگە ئىكەنلىكىنى ئاددىي ئەستە تۇتۇش قابىلىيىتى ئارقىلىقمۇ كۆرۈپ يېتەلەيمىز. كىشىلەر ئىشەنچ ئارقىلىق مەڭگۈلۈك ھاياتنىڭ بەخت-سائادىتىگە كىرەلەيدۇ. خۇدا بىلەن قانچە كۆپ بىللە بولساق، ئىشەنچىمىز تېخىمۇ ئاشىدۇ. ئەنە شۇ چاغدا شۇنداق دېيەلەيدىغان بولىمىزكى، ئىشەنچ كۆرۈشكە ئايلاندى، مەن

كۆرەلىدىم، مەن ئۆز بېشىمدىن ئۆتكۈزدۈم.

2.

خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئۈمىدنى ئاشۇرىدۇ. ئۈمىدنىڭ يېتىلىشى بىلىم بىلەن ئوڭ نىسبەتتە بولىدۇ. بىز بۇ خىل مۇقەددەس مەشىقنى قىلىش ئارقىلىق، پاك بولالايمىز. خۇدانىڭ يوشۇرۇن سىرلىرىغا ئىشەنچ باغلىغان چېغىمىزدا، ئۈمىد خۇدانىڭ ئىچىدە ئاجايىپ بىر گۈزەللىكنى تېپىپ، يەر يۈزىدىكى بارلىق شەيئىلەرنى بېسىپ چۈشىدۇ. ئۈمىد قانچە ئاشقانسېرى، شۇنچە كۈچىيىدۇ. ئادەم بەختكە تولىدۇ ھەمدە بۇ دۇنيادا بەختنىڭ تەمنى تېتىيدۇ.

3.

ئۈمىد كىشى قەلبىنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولىدىغان نەرسىلەرگە تاياندۇرمايدۇ، بەلكى خۇدانىڭ مۇھەببىتىنىڭ ئوتىنى بىزگە تۇتاشتۇرىدۇ. چۈنكى، خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئوتتۇر. بۇ ئوت خۇدانىڭ ئىرادىسىغا زىت كېلىدىغان بارلىق نەرسىلەرنى كۆيدۈرۈپ تاشلايدۇ. ئەگەر مۇشۇنداق ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ئادەم خۇدا بىلەن بىللە ياشىمىسا، ياشىيالمايدۇ. «بىللە بولۇش» ئادەمنىڭ قەلبىدە خىزمەت قىلىپ، ئۇنىڭدا پاك قىزغىنلىق، پاك ھېسسىيات ۋە يالقۇنلۇق مۇھەببەتنى، شۇنداقلا بارلىق ئېتىقادچىلاردا خۇدانى سۆيۈش، خۇداغا خىزمەت قىلىش ۋە خۇداغا ئىبادەت قىلىش ئارزۇسىنى پەيدا قىلىدۇ.

4.

خۇدا بىلەن بىللە بولۇش خۇداغا دىققەت-ئېتىبارىنى ئىزچىل بېرىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇشۇنداق بولغاندا، كىشىلەر خۇدا توغرىسىدىكى ھەم چوڭقۇر ھەم تولۇق بىلىمگە داۋاملىق تۈردە ئېرىشىدۇ، يەنى «بۇلۇتسىز كۆرۈشكە ئېرىشىدۇ» (ھېچقانداق توسالغۇسىز كۆرۈش). ئۇنىڭ ھاياتى خۇدانى ئىزچىل سۆيىدۇ، خۇداغا ئىبادەت قىلىدۇ، خۇداغا ئىشىنىدۇ، خۇدانى مەدھىيىلەيدۇ، خۇداغا دۇئا قىلىدۇ، خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ.

شۇنى بىلىمەنكى، بۇ مەنزىلگە يېتەلەيدىغانلار ناھايىتى ئاز، پەقەت ئالاھىدە ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن ئادەملا مۇشۇنداق قىلالايدۇ. بۇ خىل بۇلۇتسىز كۆرۈش خۇدانىڭ ئەڭ مول ئىلتىپاتىدىن كېلىدۇ. لېكىن، خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆگىنىۋاتقانلارغا شۇنداق تەسەللى بېرىمەنكى، خۇدا بۇ خىل ئىلتىپاتنى ئۆزىنى قىزغىنلىق بىلەن ئىزدىگۈچىلەرگە ئاتا قىلىدۇ. ئىشىنىشىڭىز كېرەككى، سىزمۇ مۇشۇ مەنزىلگە خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنىڭ ياردىمىدە يېتەلەيسىز.

# لاۋرېنسنىڭ خاراكتېرى

قېرىندىشىمىز لاۋرېنس ئىككى يىل ئىلگىرى پارىدىكى كارمېلىت موناستىرىدا ئالەمدىن ئۆتتى. ئۇ مەندە گۈزەل ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغاندى. مەن لاۋرېنسنىڭ پەزىلىتى توغرىسىدا كۆرگەن-بىلگەنلىرىمنى تۆۋەندىكىچە يېزىپ قالدۇردۇم.

بۇ قېرىندىشىمىز خۇدانىڭ ئائىلىسىدە ئەڭ تۆۋەن ئورۇندىكى ئىشىكباقار بولۇشقا رازى ئىدىكى، ھەرگىزمۇ گۇناھكارلارنىڭ ئىچىدىكى ئېسىلزادىلەردىن بولۇشنى خالىمايتتى. ئۇ ئەيسا مەسىھنىڭ بويۇنتۇرۇقىنى تاقاشقا رازى ئىدىكى، بۇ دۇنيانىڭ راھەت-پاراغىتىنىڭ پەيزىنى سۈرۈشنى خالىمايتتى. ئۇ مېنىڭ ئۆزى توغرىسىدا ماتېرىيال توپلاۋاتقانلىقىمنى ئاڭلاپ، بۇلارنى يېزىپ قالدۇرۇپ، بۇ دۇنيانىڭ ئۆرپ-ئادەتلىرىدىن ۋە گۇناھتىن ئەمدىلا قۇتۇلۇپ چىققانلارغا ياردەم بېرىشىمنى تاپىلىدى. مەن ناھايىتى خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدۇم. گەرچە بۇ قېرىندىشىمىزنىڭ ھاياتى ۋە ئېتىقادى توغرىسىدا كىتابلار ئاللىقاچان نەشر قىلىنغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ ئىش-ئىزلىرىنى كەڭ ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە تونۇشتۇرۇشنى زۆرۈر دەپ قارايمەن ھەم بۇ مېنىڭ مەسئۇلىيىتىم. تۆۋەندىكى سۆزلەرنى قېرىندىشىم لاۋرېنس ماڭا ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتىپ بەرگەن. مەن بۇ سۆزلەرنى ئەينەن خاتىرىلىدىم. دۇنيادا ھېچكىم لاۋرېنسنى لاۋرېنسنىڭ ئۆزىدەك ئېنىق سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ. خۇدانىڭ خىزمەتچىسى بولغان لاۋرېنسنىڭ ساپ قەلبىدىن تۆكۈلگەن دۇردانىلەر باشقىلارنىڭ تەسۋىرلىگىنىدىنمۇ ئېنىق ۋە تەسىرلىك.

لاۋرېنس ئۆزىدە ھەر خىل گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەتلەرنى مۇجەسسەملەشتۈرگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇ بەكمۇ ئاددىي ئادەم. ئۇ ئىنتايىن ئوچۇق-يورۇق بولۇپ، سىز ئۇنى بىر كۆرسىڭىزلا ياخشى بىر دوست تاپقاندەك ھېس قىلىسىز-دە، ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى ئۇنىڭغا ئېيتقۇڭىز كېلىدۇ.

ئۇ ئادەملەر بىلەن پاراڭلاشقاندا، ئۆزى بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان ئادەمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى دەرھال بىلىۋالالايدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى شۇنچىلىك ئەركىن بولۇپ، ئۇنىڭ ناھايىتى ئاق كۆڭۈل ئادەم ئىكەنلىكى بىلدۈرۈپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ سۆزلىرى ھەم ئاددىي ھەم مەنىلىك. ئۇنىڭ ئانچە قاملاشمىغان چىرايىدىن ئالاھىدە ئەقىل-پاراسەت چاقناپ تۇرىدۇ. ئۇنىڭ كۆڭلى-كۆكسى كەڭ ھەم ئۆزى بەكمۇ سەزگۈر بولۇپ، قولىدىن ناھايىتى نۇرغۇن ئىشلار كېلىدىغان ئادەملەرگە ئوخشايدۇ. چوڭ ئىشلارغا نىسبەتەن ئۇ ناھايىتى ئاقىلانە ۋە مۇۋاپىق پىلانلارنى تۈزىيەلەيدۇ. بۇلار ھەممىسى ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى بولۇپ، ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ.

بىز ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن ئۇنىڭ قەلبىنى ۋە ھاياتىنى چۈشىنەلەيمىز. ئۇنىڭ سۆزلىرىدىن خۇدانىڭ ئەقىل-پاراستى ۋە كۈچ-قۇدرىتى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. ئۇ

تىرىشچان بولۇپ، خۇدانى سادىقلىق بىلەن ئىزدەيدۇ، خۇدادىن باشقا ھېچنېمىنى ئويلىمايدۇ.

لاۋرېنسنىڭ ھاياتى ئۇنىڭ خۇدانى تونۇش بىلەنلا، مۇكەممەللەشكەن ئەمەس، بۇنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلاپ تۇرۇپتۇ. شۇڭا بىز بۇ يەردە شۇنى ئويلىماي تۇرالمايمىزكى، ئۇنىڭ ھەرىكىتىنىڭ ۋە تايانغان تايانچى دەل ئىشەنچتۇر. ئىشەنچ ئۇنىڭغا خۇدانى تونۇتۇپلا قالماستىن، ئۇ ماڭغان ھەربىر يولدا ئۇنىڭغا چىراغ بولغان. ئەمدى ئۇنىڭغا باشقا چىراغ ھاجەت ئەمەس. ئۇ ماڭا دائىم ئادەملەردىن ئاڭلىغانلىرىنىڭ، كىتابلاردىن كۆرگەنلىرىنىڭ ۋە ئۆزى يازغانلىرىنىڭ ھامان تەمسىز بىلىنىدىغانلىقىنى ۋە ئىشەنچ ئارقىلىق كۆرگىنىگە پەقەت سىڭىشتۇرغىلى بولمايدىغانلىقىنى ئېيتاتتى. ئىشەنچ ئۇنىڭغا ئەيسا مەسىھ ۋە خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنىڭ ئېغىز بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز نەرسە ئەمەسلىكىنى بىلدۈرگەن. پەقەت خۇدالا بىزگە ئۆز-ئۆزىنى ئاشكارىيالايدۇ. ئادەملەر ئۆزلىرىنىڭ كاللىسى ئارقىلىق خۇدانىڭ ماھىيىتىنى ھەرگىزمۇ تونۇپ يېتەلمەيدۇ. خۇدا ئۆزىنى بىزگە ئاشكارىلىغاچقىلا، بىز خۇدانى تونۇيالىدۇق. ئەپسۇسكى، نۇرغۇن كىشىلەر خۇدانى مۇشۇنداق ئىزدىمەيدۇ. خۇدا بىلەن ئالاقىلىشىشكە سەل قارايدۇ. خۇدا بىلەن ئالاقىلىشىشنى ۋاقىت ئىسراپ قىلغانلىق، دەپ قارايدۇ. لېكىن، خۇدا بىز بىلەن مەڭگۈ بىرگە ھەم بىزنىڭ پادىشاھىمىزدۇر.

خۇدانى كىتابلارنى كۆپ كۆرۈش، كاللىمىزغا تايىنىپ ۋە ئىدراكىمىزدىن پايدىلىنىپ تونۇش ئانچە يېتەرلىك ئەمەس. خۇدانى دولقۇنسىمان سۆيۈش ھېسسىياتىمۇ يېتەرلىك ئەمەس. ئىشەنچىمىز چوقۇم ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇشى كېرەك. قەلبىمىزنى ئىشەنچ ئارقىلىق ئۇرغۇتۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىشىمىز لازىم. ئىشەنچ دەل ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىنىڭ روھى بولۇپ، ئۇ بىزنى مۇكەممەل مەنزىلگە باشلاپ بارىدۇ.

لاۋرېنس خۇدانىڭ ھەقىقىيلىقىنى ئىشەنچ ئارقىلىق كۆرۈپلا قالماي، كۈندىلىك تۇرمۇشتا دۇچ كەلگەن ھەربىر ئىشىدىمۇ خۇدا بىلەن ھەمىشە بىللە بولۇشنى ئىزدەيتتى. قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، بىر تال يوپۇرماقنىڭ دەرەختىن چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۇنىڭغا خۇدانىڭ ھەقىقىي مەۋجۇت ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەنىدى. ئۇنىڭغا بۇ ئىش ھەم چوڭ، ھەم چوڭقۇر تەسىر قالدۇرغانىدى. ئۇ كۆرگىلى بولىدىغان نەرسە ئارقىلىق، كۆرۈنمەس خۇدانى تونۇغان.

ئۇ ئەڭ سۆيۈپ ئوقۇيدىغان كىتاب تۆت خۇش خەۋەر كىتابى ئىدى (مەتتا، مارقۇس، لۇقا ۋە يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر كىتابلىرى). چۈنكى، رەبنىڭ ئۆز ئېغىزى بىلەن قىلغان سۆزلىرى ئۇنىڭ ساپ قەلبىنى تېخىمۇ سۇغىرالايتتى.

شۇنىڭ ئۈچۈن، لاۋرېنس قەتئىي پوزىتسىيە، سادىقلىق ۋە ئىشەنچ ئارقىلىق خۇدا بىلەن بىللە بولۇپ، ئۆز قەلبىنى تەربىيىلەيتتى. ئۇ خۇدانى ئىنچىل سۆيدى،

مەدھىيىلىدى، قىلغان ھەممە ئىشلىرىدا خۇدادىن ياردەم سورىدى. ئەگەر ئۇ ئىشلارنى ياخشى قىلغان بولسا، خۇداغا شۈكۈر ئېيتىپ، ئۆز رەھمىتىنى بىلدۈرەتتى. ئۇنداق بولمىسا، خۇدانىڭ كەچۈرۈشىنى تىلەيتتى، خۇداغا ھەرگىز قېيدىمايتتى. ئۇ ئۆز خىزمىتىنى خۇدا بىلەن بىرگە بولۇشقا ئۆزئارا بىرلەشتۈرەتتى. ئۇنىڭ خىزمەت ئۈنۈمى بۇنىڭلىق بىلەن تۆۋەنلەپ كەتمەيتتى، ئەكسىچە ئۇنىڭ خىزمىتى تېخىمۇ ئۈنۈملۈك بولاتتى.

دەسلەپتە، ئۇنىڭغا بۇنداق قىلىش تەس تۇيۇلغان. ئۇ كۆپ قېتىم مەغلۇپ بولۇپ، مەشىق قىلىشنى توختاتقان. لېكىن، ئۇ ئۆز مەغلۇبىيىتىنى كەمتەرلىك بىلەن بويىنىغا ئالغاندىن كېيىن، خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆگىنىشتە قىينالمىغان.

بەزىدە ئۇنىڭ كاللىسىدا ساناقسىز كەلسە-كەلمەس خىياللار پەيدا بولۇپ قېلىپ، خۇدانىڭ ئورنىنى ئىگىلىۋالاتتى. مۇنداق چاغلاردا، ئۇ جىمجىت ئولتۇرۇپ، بۇ ئورۇنسىز خىياللارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىپ، ئارقىغا يېنىپ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى يەنە داۋاملاشتۇراتتى. ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكى ۋە سەۋر-تاقىتى ئاخىر مېۋە بېرىپ، ئۇنىڭ قەلبى خۇدا بىلەن تولدى. ئۇنىڭ بارلىق ھەرىكەتلىرى مۇرەككەپ ۋە كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇلۇتسىز كۆرۈشكە، پارلاق مۇھەببەتكە ۋە خۇشاللىققا ئايلاندى.

بىر قېتىم، ئۇ ماڭا مۇنداق دېگەنىدى: «مېنىڭ ئاشخانىدىكى ئەڭ ئالدىراش ۋاقتىم بىلەن دۇئا قىلغان ۋاقتىمنىڭ ھېچقانداق پەرقى يوق. گەرچە ئاشخانا ۋاراڭ-چۇرۇڭغا تولغان، ئىش ئالدىراش بولسىمۇ، مەن خۇداغا يەنىلا تىنچلىق ئىچىدە تىزلىنىپ تۇرۇپ، خۇدا بىلەن ئۇنىڭ داستىخىنىدا ئولتۇرغاندەك بىللە بولالايمەن. بەزىدە ئىشەنچىم شۇنچىلىك چوڭقۇرلىشىپ كېتىدۇكى، بارلىق تۇسالغۇلار يوقىلىپ، خۇددى مەڭگۈلۈك نۇر ۋە سەلتەنەتلىك كۈنلەر كەلگەندەك ھېس قىلىمەن».

بىزنىڭ بۇ قېرىندىشىمىز ساداقەتمەن بولغاچقا، ئۇنىڭ مەنىۋى ھاياتى يۈكسەك دەرىجىدە پىشىپ يېتىلگەن. ئۇنىڭ ساداقەتمەنلىكى ئۇنىڭ بارلىق ئوي-پىكىرلىرىنى بىر تەرەپكە قايرىپ قويۇپ، ئۇنى خۇدا بىلەن ئەركىن ۋە ئۈزلۈكسىز ھالدا بىرگە قىلدى. ئاخىردا، ئۇنىڭ بۇ ئادىتى ئۇنىڭ ئىككىنچى تەبىئىيىتىگە ئايلاندى. ئۇنىڭ ئۈچۈن ئەڭ ئالدىراش چاغلاردىمۇ خۇدا بىلەن بىللە بولالماسلىق مۇمكىنسىز بىر ئىش بولۇپ قالدى.

ئۇ سۆزلىرىدە بىر نۇقتىغا كۆپ دىققەت قىلغان، يەنى ئۇ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتا مۇھەببىتى ۋە قەلبىنى ھامان ئۆز سەزگۈسىدىن كۆپ ئىشلەتكەن. شۇڭا، ئۇ: «خۇدا يولىدا مېڭىش ئۈچۈن مۇھەببەت بارلىقىم بولدى، خىياللىرىم ئاز بولدى» دەيدۇ.

ئۇ يەنە: «خۇداغا خىزمەت قىلىش ئۈچۈن ئۇلۇغ كەسپىنىڭ بولۇشى ھاجەتسىز» دەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاددىي بىر ئاشپەز ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «بىزنىڭ خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىشىمىز ئۇنى سۆيگەنلىكىمىز سەۋەبىدىندۇر. قازاندىكى ناننى ئۆرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئەگەر باشقا ئىشىم بولمىسا يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىمەن. خۇدا ماڭا ئىشلارنى ياخشى قىلىشىم ئۈچۈن ئىلتىپات كۆرستىدۇ. ئورنۇمدىن تۇرغاندىن كېيىن، مەن پادىشاھنىڭ خۇشاللىقىدىنمۇ ئارتۇق خۇشاللىقا چۆمىمەن. خۇدانى سۆيگەنلىكىم سەۋەبىدىن يەردىن بىر تال ئوت-چۆپ تېرىۋالسامىمۇ قانائەتلىنىمەن».

«ئەگەر بىز خۇدانى سەۋەب-نەتىجىگە ئەھمىيەت بەرگەن ئاساستا سۆيسەك، نەتىجىدە ئوي-پىكرىمىز ئەقىدىسىزلىكىمىز تۈپەيلىدىن قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ. بۇ خىل ئەھۋالدا خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى قوغلاشقاندا، ئۆزىمىزگە كۆپ ئاۋارىچىلىك تېپىۋالىمىز. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىش بەكمۇ ئاددىي. ھەر بىر ئىشنى خۇدا ئۈچۈن قىلساقلا بولىدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ماھارەت ۋە ئىلىم كەتمەيدۇ. خۇدانىڭ ئالدىغا پەقەتلا ئەسلى ھالىتىڭىز بويىچە ۋە ئاددىي قەلبىڭىز بىلەن كەلسىڭىزلا كۇپايە.

سىز ھەرگىزمۇ خۇدانى سۆيۈشنى ئۆگىنىشتە خىزمىتىمىزنى پەقەت ئۇنىڭغا تاپشۇرۇپ قويۇپ، ئۇنىڭدىن ياردەم سوراپ، ئىشلارنى ئۇنى سۆيۈش ئۈچۈن قىلساقلا بولىدۇ، دەپ ئويلاپ قالماڭ. لاۋرېنس باشلىنىشتىلا ئۆزىگە تاقابىل تۇرۇشتا قەتئىي ئىدى. ئۇ ئىرادە باغلاپ، خۇدا ياخشى كۆرمىگەن ئىشنىڭ بىرنىمۇ قىلمىدى. ئۇ ئۆزىنى ئۇنتۇپ، خۇدا ئۈچۈن ھەممىنى رەت قىلدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ: «مەن موناستىرغا كىرگەندىن كېيىن، ئەخلاقىم ۋە قۇتقۇزۇلۇش ئىشلىرىمدىن غەم قىلمايدىغان بولدۇم. مېنىڭ ئۆزۈمنى خۇداغا ئاتىشىم خۇدانى سۆيۈش ئۈچۈندۇر. مەن خۇدا ياخشى كۆرمىگەن ئىشنى قەتئىي رەت قىلىمەن. كېيىن، مەن ھاياتىمدىكى بىردىنبىر ئىشىمنىڭ خۇدا بىلەن بىللە ياشاش ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ يەتتىم».

ئۇ خۇداغا بارلىقىنى مانا مۇشۇنداق ئاتىدى، ھەممە ئىشنى خۇدانى سۆيگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلدى. ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. نە جەننەت، نە دوزاخ ئۇنىڭ خىيالىغا كىرىپ چىقمايتتى. ئۇ بۇرۇن ئۆتكۈزگەن گۇناھلىرى ئۈچۈن، خاتالىقلىرىنى تونۇغاندىن كېيىن، ئۇلارنى قايتا ئەسلەپ ئولتۇرمايتتى. ئۇ پۈتۈنلەي تىنچلىق ئىچىگە كىرگەنىدى. ئۇ ئۆزىنى خۇداغا تاپشۇرغان بولۇپ، ھايات-ماماتىنى، ھازىرىنى ۋە كەلگۈسىنى قەتئىي ئويلىمايتتى.

بىز خۇدا ئۈچۈن يارىتىلغان. شۇڭا، خۇدا ئۈچۈن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ تاشلاپ ياشاش زىيانلىق ئەمەس. بىز ئۆزىمىزنى خۇدا ئۈچۈن ئاتىغانىكەنمىز، خۇدانىڭ ئىچىدە ھەممىگە ئېرىشەلەيمىز. بىز كەمچىلىكلىرىمىزنى خۇدانىڭ ئىچىدە تېخىمۇ ئېنىق كۆرەلەيمىز، بۇ ئۆز-ئۆزىمىزنى تەكشۈرۈپ ئاقلاشتىن ئارتۇق. ئۆز-ئۆزىمىزنى ئاقلاش ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنى سۆيۈشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، بۇ

كۆزىمىزنى دائىم ئۆزىمىزگىلا مەركەزلەشتۈرۈپ، بىزنى خۇداغا تەلمۈرتمەيدۇ.

قىرىندىشىمىز لاۋرىنس قاتتىق سىناقلارنى تۆت يىلدەك قوبۇل قىلغان. ئۇ ئۆزىنى پات ئارىدا ھالاك بولىدىغان ئادەم، دەپ قارايتتى. ئۇ چاغلاردا، ئۇنىڭغا ھېچكىم تەسەللى بېرەلمەيتتى. لېكىن، ئۇنىڭ ئىرادىسى چىڭ ئىدى. ئۇ باشقا نۇرغۇن ئادەملەردەك كەلگۈسىدىن قورقۇپ، ھازىر ئۈچۈن غەم يەپ ئولتۇرمايتتى. ئۇنىڭدا ئۆز-ئۆزىگە تەسەللى بېرەلەيدىغان بىر خىل ئىدىيە بار ئىدى: «كەلگۈسىدە قانداق بولۇشۇمدىن قەتئىينەزەر، ئىش قىلىدىكەنمەن، خۇدا ئۈچۈن قىلىشىم كېرەك» دەيتتى. ئۇ ئۆزىنى مانا مۇشۇنداق قىلىپ، ئۇنتۇدى، ئەمما ئۇ خۇداغا ئېرىشتى.

ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ نىيىتى بويىچە ئىش قىلىشىنىڭ ئورنىنى خۇدانىڭ ئىرادىسى بويىچە ئىش قىلىشىنىڭ ئالغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئۇ كىشىلىك ھاياتىدا ۋە ئۆزى دۈچ كەلگەن ئىشلاردا، خۇدانىڭ ئىرادىسىنى كۆرۈپ يەتكەچكە، ئۇنىڭ قەلبى تىنچلىققا تولغانىدى. شۇڭا، ئۇنىڭ قەلبى خۇداغا توختىماي تەلپۈنەتتى. ئۇ قىلمىشلىرى چېكىگە يەتكەن ئادەملەرنىڭ ئەسكىلىكلىرىنى كۆرگەندە ھەيران قالمايتتى. ئۇ دائىم: «بۇنىڭدىن يامانراقى بولسىمۇ، ھەيران قالمايمەن» دەيتتى. چۈنكى، ئۇ گۇناھنىڭ ئىنسانلارغا ئېلىپ كېلىدىغان ئاقىۋىتىنى بىلەتتى. ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا گۇناھكارلار ئۈچۈن دۇئا قىلىپ، خۇدانىڭ ئۇلارنى قۇتقۇزۇشىنى تىلەيتتى. دۇئادىن كېيىن ئۇ خۇدا بىلەن يەنىلا خاتىرجەملىك ئىچىدە بىللە بولاتتى.

بىر كۈنى، مەن ئۇنىڭغا بىر ئىشنى سۆزلەپ بەردىم (بۇ ئىش ئۇنىڭ بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى، ئۇ ئەسلىدە بۇ ئىشنىڭ ۋۇجۇدقا چىقىشىنى بەك ئارزۇ قىلاتتى، بىراق بۇ ئىش يۇقىرىنىڭ توسقۇنلۇقىغا ئۇچرىغانىدى). لېكىن، ئۇ بۇنى ئاڭلاپ: «ئۇلارنىڭ (يۇقىرىنىڭ) مۇنداق قارار چىقىرىشىدا چوقۇم بىر ياخشى سەۋەب بار. بىزنىڭ مەسئۇلىيىتىمىز ئۇلارغا بويسۇنۇش» دېدى. ئۇ بۇ ئىشنى قايتا ئۆرۈمىدى. كېيىن، بۇ ئىشنى ئوتتۇرىغا قويۇش پۇرسىتى كەلگەن بولسىمۇ، ئۇ ئۈندىمىدى.

بىر قېتىم ئۇ قاتتىق ئاغرىپ قالغاندا، ئۇنى يوقلاپ كەلگەن بىرەيلەن ئۇنىڭدىن: «سىز يەنە ئۇزاقراق ياشاپ ئۆزىڭىزنى تېخىمۇ پاكلاشنى خالامسىز ياكى جەننەتكە بېرىپ خۇدانى كۆرۈشنى خالاشتىن زادى قايسىسىنى تاللايسىز؟» دەپ سورىدى. ئۇ ئىككىلەنمەيلا: «بۇنى خۇدا قارار قىلسۇن، خۇدا ماڭا ئۆز ئىرادىسىنى بىلدۈرگىچە، مەن ھېچ ئىش قىلماي جىمجىتلىق ئىچىدە ئۇنى ساقلايمەن» دېدى.

ئۇ ھەرقانداق ئىشتا خۇدانى ئاساس قىلاتتى. ئۇنىڭدا بىر تەرەپلىمىلىك، شەخسىيەتچىلىك ۋە باشقىلارغا نىسبەتەن ئاداۋەت يوق ئىدى. ئۇ ھەرقانداق ئادەم بىلەن ياخشى ئۆتۈشنى خالايتتى، ھەرگىزمۇ بىرىنى ئەزىزلەپ، يەنە بىرىنى پەس كۆرمەيتتى. ئۇ مىجەزى كېلىشمەيدىغان ئادەملەرنىمۇ ئوخشاشلا سۆيەتتى. يەر

يۈزىدىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنى ئۆزىگە جەلپ قىلالمايتتى. ئۇنىڭ كۆزى زاماندىن ھالقىغانىدى. ئۇ خۇدا بىلەن دائىم بىللە ئىدى.

بارلىق ئىشلاردا، مەيلى نەدە بولمىسۇن ئۇ ئوخشاش ئىدى. چۈنكى، ئۇنىڭ كۆزى ھامان خۇدادا ئىدى. ئۇ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىدىكى ئىشلارنى قىلغاندىمۇ، خۇدا بىلەن خۇددى دۇئا قىلىۋاتقان چېغىدىكىدەك يېقىن ئىدى. ئۇنىڭ خۇدا بىلەن بىللە بولمايدىغان ۋاقتى يوق ئىدى. ئۇ بارلىق ئىشلىرىدا خۇدانى كۆرەتتى، خۇدانى سۆيەتتى، خۇداغا ئىبادەت قىلاتتى.

ئۇنىڭ خۇدانىڭ يېنىغا بارىدىغان بىردىنبىر يولى ۋە خۇدا بىلەن بىللە بولۇشتىكى ئۇسۇلى ـ قىلغان بارلىق ئىشلىرىدا خۇدانى سۆيۈش ئىدى. قانداق ئىشنى قىلىش مۇھىم ئەمەس، مۇھىمى ھەرقانداق ئىشتا خۇدانى مەدھىيىلەش ئىدى. ئۇنىڭ ئەھمىيەت بېرىدىغىنى پەقەت خۇدالا بولۇپ، ھەرگىزمۇ قولىدىكى ئىش ئەمەس ئىدى. گەرچە قىلىدىغان خىزمەت ھېچنېمىگە ئەرزىمىسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ كەتمەيدۇ. چۈنكى، خۇدانىڭ كۆڭۈل بۆلىدىغىنى خىزمەتنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى ئەمەس، بەلكى خۇدانى سۆيىدىغان قەلبنىڭ بار-يوقلۇقى.

لاۋرېنسنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى ئۇنىڭ ئوي-پىكىرىنىڭ مۇقىملىقىدۇر. ئۇنىڭدا بىر خىل قورقماس روھ بار. ئۇ خۇدادىن كەلمىگەن ھەرقانداق نەرسىدىن پەقەت قورقمايدۇ. ئۇ ھەرقانداق نەرسىگە ھەيران قالمايدۇ ھەم ھەرقانداق نەرسىدىن تەمتىرىمەيدۇ. ئۇنىڭدىكى بۇ خىل قەتئىي پەزىلەت بىلەن باشقا گۈزەل ئەخلاقىنىڭ ھەممىسىنىڭ مەنبەسى بىرلا. ئۇنىڭ خۇداغا نىسبەتەن يۈكسەك كۆز قارىشى بولۇپ، ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى كۆپرەك ئاشكارىلىشىنى، شۇنداقلا خۇدانىڭ چەكسىز ئادىللىقى ۋە رەھىمدىللىكىنى كۆرۈشنى خالايدۇ. ئۇ خۇدانىڭ ئالدىدا تىنچلىنالايدۇ. ئۇ خۇدانىڭ ئۆزىنى ئالدىمايدىغانلىقىنى ھەممە خۇدادىن كەلگەن ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. ئۇ خۇدانى رەنجىتمەسلىككە ئىرادە باغلىغان. ئۇنىڭ قىلغان بارلىق ئىشلىرى ۋە تارتقان ئازابلىرىنىڭ ھەممىسى، خۇدانى سۆيۈش سەۋەبىدىن بولغان. ئۇ ئۆزىدىكى ھاياتنىڭ خۇش خەۋەر كىتابلىرىدا ئاللىقاچان بار بولغان بۇيرۇق ئىكەنلىكىنى، يەنى پۈتۈن قەلبى بىلەن خۇدانى سۆيۈش ھاياتى ئىكەنلىكىنى ئېيتىدۇ.

ئۆزىنىڭ ھېسسىياتىنى مەنىۋى ھاياتىغا يېتەكچى قىلىدىغان ئادەملەرگە نىسبەتەن، ئەڭ مۇھىمى ئۇلارنىڭ خۇداغا ئىخلاسمەنلىكىنىڭ بار-يوقلۇقىدۇر. مۇنداق ئادەملەر خۇداغا تەۋە بولۇش يولىدا قەتئىي بولالمايدۇ. چۈنكى، ئادەمنىڭ ھېسسىياتى تۈمەن مىڭ خىل ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. بىزنىڭ ئەھۋالىمىزمۇ ھۇرۇنلۇقىمىز سەۋەبىدىنمۇ ھەم خۇدانىڭ قانۇنلىرى سەۋەبىدىنمۇ ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ. خۇدا بىزنىڭ ئېھتىياجىمىزغا ئاساسەن بىزگە ئىلتىپات ئاتا قىلىدۇ.

قېرىندىشىمىز لاۋرىنس بولسا ئىشەنچ يولىدا تەۋرەنمەي ماڭغان ۋە مەڭگۈ ئۆزگەرمىگەن. ئۇنىڭ ئىزچىل ئۆزگەرمەسلىكىگە، ئۇنىڭدا پەقەت بىرلا مەسئۇلىيەتنىڭ بولغانلىقى سەۋەب بولغان. يەنى، بۇ مەسئۇلىيەت خۇدا تاپشۇرغان ۋەزىپىنى خۇدا بەلگىلىگەن جايدا ئورۇنداشتۇر. ئۇ قالغان ئىشلارنى مۇھىم دەپ بىلمىگەن. ئۇ ئۆزىنىڭ كەيپىياتىغا ئەھمىيەت بەرمەيدۇ ھەم ئۆزى مېڭۋاتقان يولدىن مەيلى ئۇنىڭ قانداق بولۇشىدىن قەتئىينەزەر توختاپ قالمايدۇ. ئۇ بارلىق دىققەت-ئېتىبارىنى خۇداغا قاراتقان. ئۇنىڭ يۈگۈرۈشىنىڭ نىشانى- مېھرىبان، ئادىل ۋە مۇھەببەتلىك ھەرىكەتلىرى بىلەن خۇداغا قاراپ كۈندە تېز يۈگۈرۈش. ئۇ پەقەت ئىش قىلىشنىلا بىلىدۇ، قىلغان ئىشلىرىنى قايتا ئەسلەپ ئولتۇرمايدۇ.

لاۋرىنسنىڭ مەنىۋى ھاياتىنىڭ يىلتىزى پۇختا بولۇپ، ھەرگىز خىيالىي نەرسە ئەمەس. ئۇنىڭ ھاياتلىق سەپىرى مۇقىم ئىشەنچ يولىدۇر. ئۇ كىرىستنىڭ تار يولىدىن ئايرىلمىغان. ئۇ كىشىلەرنى ھەر خىل گۈزەل ئەخلاقى بىلەن قۇتقۇزۇلۇش يولىغا جەلپ قىلغان. ئۇ باشقا ئىشلارغا دىققەت قىلمىغان. ئۇ خام خىيال ۋە ھەيرانلىق قاتارلىقلارنىڭ ئادەمنىڭ ئىچىگە كىرىۋېلىپ، ئادەمنى چۈشكۈنلەشتۈرۈۋ-پېتىدىغانلىقىنى ئىشەنچ ئارقىلىق كۆرۈپ يەتكەن. لېكىن، ئادەم خۇدانى كۆڭۈل قويۇپ ئىزدىسە، بۇ خىل خەتەردىن ئاسانلا ساقلىنالايدۇ.

ئۇنىڭدا مۇشۇنداق بىر ھايات بولغاچقا، گەرچە ئۆلۈم يېقىنلاشسىمۇ، ئۇنىڭدا ھېچقانداق قورقۇش بولمىغان. ئۇنىڭ سەۋر-تاقىتى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، ئاخىرقى كۈنلەردە تېخىمۇ شۇنداق بولغان. گەرچە ئۇنىڭ ئازاب-ئوقۇبەتلىرى تەن جەھەتتە بەك ئېغىر بولسىمۇ، لېكىن ئۇ ئەزەلدىن ئاچچىقلىنىپ باقمىغان. بىز ئۇنىڭ خۇشاللىقىنى ئۇنىڭ چىرايىدىنلا ئەمەس، بەلكى يەنە ئۇنىڭ سۆزلىرىدىنمۇ تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈۋالالايمىز. شۇڭا، ئۇنى كۆرگىلى بارغانلار: «ئۇنىڭدا ئازاب دېگەن نەرسە زادى بارمىدۇ- يوقمىدۇ» دەپ سورىماي قالمايدۇ. ئۇ: «كەچۈرۈڭ، مەندە ھەقىقەتەن ئاغرىق بار، لېكىن مېنىڭ روھىم بەك خۇشال، ھەم بەك قانائەتلىنىمەن» دەيدۇ. بەزىلەر ئۇنىڭدىن: «ئەگەر خۇدا سىزگە ئون يىل ئاغرىق بەرسە، سىز بۇنىڭغا نېمە دەيسىز؟» دەپ سورىغاندا، ئۇ: «ئون يىل ئەمەس، ئەگەر خۇدا خالىسا، سوراق كۈنىگىچە بەرسىمۇ بولىدۇ. ئىشىنىمەنكى، خۇدانىڭ ئىلتىپاتى مەن بىلەن بىللە بولۇپ، مېنى خۇشال قىلىدۇ ھەم مېنىڭ بەرداشلىق بېرىشىم ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت بېرىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئۇ ئۆز ھاياتىدا خۇدا ئۈچۈن ئازاب-ئوقۇبەت چېكىشكە ھەۋەس قىلغان. بەزىدە ئۇ قېرىنداشلىرىغا ئۆزىنى قەستەن ئوڭ تەرەپكە ئۆرۈپ ياتقۇزۇپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. چۈنكى، مۇنداق ياتسا، ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابى تېخىمۇ كۈچىيىپ كېتەتتى. باشقىلار ئۇنىڭ ئاغرىق ئازابىنى يەڭگىللىتىشنى ئويلىغاندا، ئۇ: «قەدىرلىك قېرىندىشىم، رەھمەت سىزگە. خۇدانى سۆيۈش سەۋەبىدىن مېنى ئازراق جاپا تارتقىلى قويۇڭ» دەپ رەت قىلاتتى. ئۇ قاتتىق ئاغرىق ئازابى تارتقان چاغلىرىدا خۇداغا: «ئى خۇدا! مۇشۇنداق ئاغرىق

ئىچىدە سىزگە ئىبادەت قىلاي، سىز ئۆچۈن ئازاب-ئوقۇبەتكە بەرداشلىق بېرەي» دەيتتى. ئۇ دائىم «زەبۇر»نىڭ 51 -بابىنى يادلايتتى.

«ئى خۇدا! ماڭا ساپ قەلب ئاتا قىلغايسىز. مېنى تاشلىۋەتمىگەيسىز، مېنى يېنىڭىزدىن ئايرىمىغايسىز . . . . ، سىزنىڭ مېنى قۇتقۇزۇلۇش خۇشاللىقىدىن بەھرىمەن قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن» («زەبۇر» 51-باب، 10-ئايەتتىن 12- ئايەتكىچە).

ئۇ بۇ دۇنيادىن ئايرىلىش ئالدىدا، دائىم: «ئاھ ئىشەنچ! ئىشەنچ!» دەپ توۋلاپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئۆز ھاياتىدا ئىشەنچتىن قانداق پايدىلانغانلىقىنى تىل بىلەن تەسۋىرلەش مۇمكىن ئەمەس. ئۇ خۇداغا توختىماي ئىبادەت قىلاتتى. ئۇنىڭ غەيرىتى قاراڭغۇلۇقتا چەكسىز ئىدى. ئۇ ئۆلۈمدىن، دوزاختىن، سوراقتىن ۋە يامان ئادەملەرنىڭ ھۇجۇمىدىن قورقمايدىغانلىقىنى ئېيتقانىدى.

قېرىنداشلىرى سوئال سورىغاندا، ئۇنىڭ بەرگەن جاۋابلىرى ئىلتىپاتقا ۋە تەسەللىگە تولاتتى. ئۇ ئەڭ ئاخىرقى قېتىم رەبنىڭ داستىخىنىغا داخىل بولغاندىن كېيىن، بىر قېرىندىشى ئۇنىڭدىن نېمە ئويلاۋاتقانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ: «ھازىر قىلىۋاتقىنىمنى كەلگۈسىدىمۇ ھەم ئاخىرەتتىمۇ قىلىمەن. ئۇ بولسىمۇ خۇدانى ئۇلۇغلاش، خۇدانى مەدھىيىلەش، خۇدانى ھۆرمەتلەش ۋە بارلىق مۇھەببىتىمنى خۇداغا بېغىشلاش. بىزنىڭ پەقەت بىرلا مۇھىم ئىشىمىز بار، ئۇ بولسىمۇ خۇداغا ئىبادەت قىلىش، خۇدانى سۆيۈش. قالغان ئىشلارنى ئويلىمىساقمۇ بولىدۇ» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بىر قېتىم، لاۋرېنستىن مەلۇم بىر قېرىنداش ئۆزىگە دۇئا قىلىش ئىلتىپاتىنى تىلەپ، خۇداغا دۇئا قىلىپ قويۇشنى ئۆتۈنىدۇ. لاۋرېنس ئۇ كىشىگە ئادەمدە مۇۋاپىق شەرت ھازىرلانسا، ئاندىن بۇنداق ئىلتىپاتقا نائىل بولالايدىغانلىقىنى ئېيتىدۇ.

1691 -يىلى 2- ئاينىڭ 12- كۈنى دۈشەنبە چۈشتىن بۇرۇن سائەت توققۇزدا، ئۇ بۇ دۇنيادىن خاتىرجەملىك ئىچىدە ئايرىلىپ، قۇتقۇزغۇچىنىڭ مەڭگۈلۈك قوينىغا كىردى. ئۇ شۇقەدەر خاتىرجەم ئىدىكى، خۇددى ئۇخلاپ قالغاندەكلا ياتاتتى.

سىلمىت ئەپەندى تەسۋىرلىگەن يەنە بىر قېرىنداش لاۋرېنسقا بەك ئوخشاپ كېتىدىكەن. سىلمىت: «دانا ئېتىقادچىنىڭ ئەڭ چوڭ ئىشى دۇئا قىلىشتۇر. مۇنداق ئادەم ھەرقانداق جايدا، ھەرقانداق ۋاقىتتا دۇئا قىلىدۇ» دەيدۇ. ئۇ قېرىنداش دۇئا قىلغاندا، كۆپ سۆزلەرنى ئىشلەتمەيتتى. ئۇ قانچە ئۇزاق دۇئا قىلسا، خۇدا شۇنچە قوبۇل قىلىدۇ دەپ ئويلىمايتتى. ئۇ خۇدا بىلەن قەلبىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئالاقىلىشاتتى. ئۇ مەيلى يول ماڭغاندا، مەيلى باشقىلار بىلەن پاراڭلاشقاندا

بولسۇن، خۇدا بىلەن ھەرقانداق جايدا ۋە ھەرقانداق ۋاقىتتا ئالاقىلىشالايدۇ. ئۇ خۇدانى توختىماي مەدھىيىلەيتتى، ئەتىگەندىلا مەدھىيىلەپ قالماي، چۈشتىمۇ مەدھىيىلەيتتى، ئومۇمەن ھەر دائىم مەدھىيىلەيتتى. ھەر ئىشتا مەدھىيىلەيتتى. خۇددى جەبرائىل خۇدانى مەدھىيىلىگەندەك مەدھىيىلەيتتى. ئۇ توختىماي دۇئا قىلىپ ۋە روھقا ئائىت ئىشلارنى ئويلاۋېرىپ، كەمتەر، مۇلايىم ۋە سەۋرچان بولۇپ كەتكەنىدى. لېكىن، ئۇ سىناقلارغا ئۇچرىغان چاغدا، پولاتتەك مەزمۇت ئىدى. ئۇ مەيلى قانداق جاپا تارتمىسۇن، ئۆزىنى ئويلىمايتتى.

ئۇ خۇدانى توختىماي ئويلاپ، شادلىققا چۆمەتتى. كاللىسىدىكى بارلىق قورۇق خىياللارنى چىقىرىپ تاشلايتتى. ئۇ خۇدانىڭ مۇھەببىتى ئىچىدە نۇر ئىچىدىكى نۇرنى ئىشەنچ ئارقىلىق كۆرەتتى. دۇنيادىكى ئويۇن-تاماشالار ئۇنىڭغا تېتىمايتتى. ئۇ مۇھەببەت ئارقىلىق ئۆزىدە كەم نەرسىلەرگە ئاللىقاچان ئېرىشكەنىدى. ئۇنىڭ ئىنتىلىدىغان باشقا نەرسىسى يوق ئىدى. چۈنكى، ئۇ ھەۋەس قىلىدىغان ئوبيېكتىغا (خۇداغا) ئېرىشىپ بولغانىدى.

ئۇنىڭدا قورقۇنچ يوق. چۈنكى، ئۇ بۇ دۇنيادىكى ھەرقانداق نەرسىنىڭ ئۆزىگە زىيان-زەخمەت يەتكۈزەلمەيدىغانلىقىغا ئىشىنىدۇ، ھەم ھەرقانداق نەرسە ئۇنى خۇدادىن ئايرىۋېتەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۆز روھىنى تىنجىتىشنى مەشىق قىلىشىنىڭ ھاجىتى قالمىغانىدى، چۈنكى ئۇ خاتىرجەملىككە تولغانىدى. ئۇ شۇنى ئەستىن چىقارمايتتىكى، خۇدا ئورۇنلاشتۇرغان ھەر بىر ئىش ئۇنىڭ ئۈچۈن پايدىلىق. ئۇ خۇدانى سۆيگەنلىك تۈپەيلىدىن پەقەت ئاچچىقلانمايدۇ. ئۇنىڭدا ھېچ نەرسە كەم بولمىغاچقا، ئۇنىڭ قەلبىگە باشقىلارغا ھەسەت قىلىشمۇ بۆسۈپ كىرەلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئىنسانلارنى سۆيۈشى كىشىلىك دۇنيادىكى سۆيۈشكە ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ سۆيۈشىگە ئوخشايدۇ. ئۇ ھەممىنى خۇداغا تاپشۇرۇۋەتكەچكە، ئۇنىڭ قەتئىي ئىرادىسىنى ھېچكىم تەۋرىتەلمەيدۇ.

گرېگورى مۇنداق دەيدۇ: «ھېچقانداق ئادەم ھەقىقىي بىر ئېتىقادچىدەك باتۇر قورقماس كەلمەيدۇ». ئۇنى ھېچ نەرسە توسۇپ قالالمايدۇ. ئەگەر زېمىن ئۇنىڭغا ھېچنېمە بەرمىسە، ئۇ قانات چىقىرىپ ئاسمانغا چىقىپ، خۇدانىڭ يېنىدا تۇرالايدۇ. ئۇ شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە ھەرگىز بېرىلمەيدۇ.

گەرچە مۇنداق ئادەملەر ھاياتىنى قامداش ئۈچۈن ماددىي نەرسىلەرگە ئېھتىياجلىق بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ بۇنىڭدىن باشقا تەلەپ قىلىدىغانلىرىمۇ يوق. ئۇنىڭ بىردىنبىر يولى- خۇدانىڭ يولى. ئۇنىڭ گۈزەل ئەخلاقى كۆڭۈلدىن-كۆڭۈلگە ئېقىپ بارىدۇ. خۇدا نۇرنىڭ مەنبەسى. ئۇ مۇشۇ نۇر ئىچىدە، نۇردىن تولۇق بەھرىمەن بولىدۇ. سەلتەنەتلىك كۈنلەردە، ھەقىقەتنىڭ نۇرلۇق سىماسى بارلىق قاراڭغۇلۇقنى سۈپۈرۈپ تاشلايدۇ.

قېرىندىشىمىز لاۋرېنس ھايات چېغىدا بەك ئاددىي-ساددا ئۆتكەن ئادەم بولسىمۇ، ھەرقانداق ئادەم، مەيلى ئۇنىڭ سالاھىيىتى قانداق بولمىسۇن، ئۇنىڭ

هاياتىدىن ئۆزىگە ياردەم تاپماي قالمايدۇ. ئۇ بۇ دۇنيانىڭ غەم-ئەندىشىلىرى بىلەنلا ئۆتىدىغان ئادەملەرنىڭ خۇداغا يېقىنلىشىشى ئۈچۈن، ئۇلارغا تەربىيە بېرەلەيدۇ. چۈنكى، ئۇ ئۆزى مۇشۇنداق ئۆلگىنى ياراتقان.

كىتابخانلارنىڭ بۇ كىتابتىن كۆرۈۋاﻻلايدىغىنى پەقەتلا نەزەرىيە جەھەتتىكى ئىخلاسمەنلىك ھەمدە موناستىردىكى ئادەملەرلا بەجا كەلتۈرەلەيدىغان پاكلىق ئەمەس. ياق! ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. خۇدانى سۆيۈش ۋە ئۇنىڭغا ئىبادەت قىلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ بۇرچى. ئەگەر بىزنىڭ قەلبىمىز خۇدانىڭ قەلبى بىلەن باغلانمىسا، بىز بۇ مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلالمايمىز. خۇددى ئەمدىلا مېڭىشنى ئۆگەنگەن بوۋاق ئاپىسىنىڭ يۆلىشىگە ھەر ۋاقىت موھتاج بولغاندەك، بىزمۇ خۇداغا ھەر مىنۇت موھتاج.

خۇدا بىلەن بىللە بولۇش قىلچە تەس ئەمەس، بۇ بەكمۇ ئاسان. بۇ ھەم ھەر بىر ئادەم چوقۇم قىلىشقا تېگىشلىك ئىش. بۇنداق قىلمىغانلار ئۆزىنىڭ ئەيسا مەسىھكە ئېھتىياجلىق ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. بىز بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرىنى باھانە قىلىپ، بۇ مەسئۇلىيىتىمىزگە سەل قارىساق بولمايدۇ. خۇدا ھەممە جايدا بار. شۇڭا، بىز ھەرقانداق جايدا خۇداغا يېقىنلاشساق بولۇۋېرىدۇ. بىز ئۇنىڭ قەلبىمىزگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ھەر ۋاقىت ھېس قىلالايمىز. ئەگەر بىزدە ئازراقلا مۇھەببەت بولسا، بۇ تەس ئەمەس.

ئەگەر ئادەم قالايمىقانچىلىققا تولغان ۋە زېرىكىشلىك تۇرمۇشتىن قۇتۇلۇپ چىققاي دېسە، قېرىندىشىمىز لاۋرېنسنىڭ ئىزىدا مېڭىش پۇرسىتى بار. ئەگەر بىز بۇ دۇنيانىڭ ئارزۇ-ھەۋەسلىرىنى قوغلاشمىساق ۋە دۇنيانىڭ ئىشلىرى ئۈچۈن ئۆزىمىزنى ئاتىمىساقلا، لاۋرېنس تىكلەپ بەرگەن ئۆلگە بويىچە ماڭالايمىز-دە، ھەممىنى رەت قىلىپ، ھەر ۋاقىت خۇدا ئۈچۈن ياشاپ، خۇدانى سۆيۈپ ۋە ھەممىنى خۇداغا بېغىشلىيالايمىز. خۇددى لاۋرېنس ئېيتقاندەك: «ھەممىنى يوقاتساق، ھەممىگە ئېرىشەلەيمىز». ئۇنىڭ قەلبى بۇ دۇنيادىن شۇنچىلىك ئايرىلغانكى، ئۇ ئۆزىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇغانىدى. ئۇ ھەممىنى خۇدانىڭ باشقۇرۇشىغا تاپشۇرغانىدى.

# لاۋرېنسنىڭ ئىدىيىلەر توپلىمى

مەيلى مەن بىرەر ئىشنى قىلاي ياكى جاپا تارتاي، بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى مۇھىم ئەمەس . مەن پەقەت خۇدانىڭ ئىرادىسى بىلەن مۇھەببەت ئارقىلىق بىرلەشسەم ۋە دائىم خۇدانىڭ ئىچىدە بولسام، مانا بۇ مېنىڭ ئۆمۈرلۈك كەسپىمدۇر.

مەن خۇدانىڭ ئالقىنىدا. ئۇنىڭ مېنىڭ ھاياتىمغا نىسبەتەن گۈزەل ئورۇنلاشتۇرۇشى بار. شۇڭا، باشقىلار ماڭا قانداق مۇئامىلە قىلمىسۇن، ھېچقانداق قىينىلىش ھېس قىلمايمەن. ئەگەر مەن خۇدا ئۈچۈن بىرەر جايدا خىزمەت قىلالمىسام، باشقا بىر جاينى تېپىپ خۇدا ئۈچۈن خىزمەت قىلىمەن.

خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى مەشىق قىلىش ئېتىقادچىنىڭ مۇكەممەل بولۇشىدىكى ئەڭ قىسقا ۋە ئەڭ ئاسان يولدۇر. ئۇ سىزنى گۇناھتىن نېرى قىلىدۇ. بىزدە پەقەت غەيرەت ۋە ئىرادە بولسىلا، مەشىق ناھايىتى ئاسانغا چۈشىدۇ.

ماڭا نىسبەتەن بۇ دۇنيانىڭ ئىشلىرى مەنىسىزدەك تۇيۇلىدۇ. قەلب كۆزۈمدە كۆرىدىغىنىملا، مېنىڭ ھەۋەس قىلىدىغىنىمدۇر. گەرچە گۇناھلىرىم ئېغىر بولسىمۇ، مەن خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى يەنىلا كەمتەرلىك بىلەن داۋاملاشتۇرىمەن. مانا بۇ مېنىڭ كۈندىلىك خىزمىتىم. گەرچە مەن قابىلىيەتسىز بولساممۇ، ئەمما مەن بىر ساداقەتمەن چاكار.

مەن موناستىرغا كىرىپ ئىخلاسمەنلىك تۇرمۇشۇمنى باشلىغاندىن كېيىن، خۇدانى بارلىق ئوي-پىكرىم ۋە ھېسسىياتىمنىڭ نىشانى ۋە ئاخىرقى چېكى، دەپ قارىدىم. دۇئا قىلىپ، ئىشەنچىنىڭ پارلاق نۇرىدا خۇدانى تونۇش خۇدانى كاللا قاتۇرۇپ ۋە ئانالىز قىلىپ تونۇغاندىن كۆپ ئەۋزەل. مېنىڭ مېھرىبان خۇداغا بولغان تونۇشۇم بۇ خىل ھەم تېز، ھەم توغرا ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ، خۇدا بىلەن مەڭگۈ بىللە بولۇش قارارىغا كەلدىم. مەن ئاشخانىغا خىزمەت قىلغىلى بارغاندا، مەن بۇ ئۇلۇغ ھەم چېكسىز پادىشاھنىڭ مەن بىلەن بىللە بولۇشىغا ئېرىشىمەن. مەن خىزمىتىمنى تاماملىغاندىن كېيىن ياكى خىزمەتتىن بۇرۇن بولسۇن، ھەمىشە دۇئانى داۋاملاشتۇرىمەن. ھەر بىر ئىشنى قىلىشتىن بۇرۇن، مەن خۇداغا خۇددى كىچىك بالىغا ئوخشاش تايىنىپ: «ئى خۇدا! سىزنىڭ ئىرادىڭىز بىلەن، مېنىڭ بۇ خىزمەتلەرنى قىلىشىم زۆرۈر بولۇپ قالدى، شۇڭا مەن سىزنىڭ ماڭا ياردەم قىلىشىڭىزنى تىلەيمەن. مەن سىز بىلەن ھەمىشە بىللە بولاي. ئى خۇدا! قىلىۋاتقان ئىشلىرىمنىڭ ھەممىسىدە مەن بىلەن بىللە بولۇپ،

قەلبىمنى مول ئىلتىپاتىڭىز بىلەن تولدۇرغايسىز» دەيمەن. بۇنىڭلىق بىلەنلا چەكلىنىپ قالماي خۇدا بىلەن خىزمەت جەريانىدىمۇ ئىزچىل ئالاقىلىشىپ، قولۇمدىكى ئەڭ كىچىك ئىشنىمۇ خۇداغا تاپشۇرىمەن. خىزمىتىم ئاياغلاشقاندىن كېيىن، قىلغان ئىشلىرىمغا قاراپ باقىمەن. ئەگەر ياخشى بولغان بولسا، خۇداغا رەھمەت ئېيتىمەن، ئەگەر ياخشى بولمىغان بولسا، خۇدادىن كەچۈرۈم سورايمەن. بىراق، مەن ئۈمىدسىزلەنمەيمەن. خۇدا بىلەن يەنىلا بىللە بولۇۋېرىمەن. ھەر قېتىم مەغلۇپ بولغان چېغىمدا، مەن ھامان ئورنۇمدىن قايتا تۇرۇپ، ئىشمنى ئىشەنچ ۋە مۇھەببەت بىلەن داۋاملاشتۇرىمەن. ھەرگىز ھېرىپ قالمايمەن. نەتىجىدە شۇ ھالەتكە يەتتىمكى، مەن ئۈچۈن خۇدانى ئويلىماسلىق مۇمكىن ئەمەس.

ئېھ خۇدا! پۈتكۈل مەۋجۇداتلارنىڭ غوجىسى، سىزنىڭ ئوي-پىكرىڭىز نېمە دېگەن ئاجايىپ-ھە! بىز سىزنىڭ خىياللىرىڭىزنى تەسەۋۋۇرمۇ قىلالمايدىكەنمىز. سىزنىڭ ئىرادىڭىز نەقەدەر گۈزەل، سىزنىڭ خىزمىتىڭىز نېمە دېگەن ئۇلۇغ!

خۇداغا نىسبەتەن مەيلى باشقىلاردىن ئاڭلىغانلىرىم ياكى كىتابلاردىن ئوقۇغانلىرىم ۋە ياكى ئۆزۈم ھېس قىلغانلىرىم بولسۇن، بۇلارنىڭ ھەممىسى مېنى قانائەتلەندۈرەلمەيدۇ. خۇدانىڭ مۇكەممەللىكىنىڭ چېكى يوق تۇرسا، ئادەم خۇدانى قانداقمۇ تەسۋىرلىيەلىسۇن؟ سۆز-ئىبارىلەر خۇدانى قانداقمۇ بايان قىلالىسۇن؟ پەقەت ئىشەنچلا خۇدانى كۆرسىتىپ، مېنىڭ خۇدانى تونۇشۇمغا تەلىم بېرەلەيدۇ. مېنىڭ خۇدانى ئىشەنچ ئارقىلىق قىسقا ۋاقىت ئىچىدە تونۇشۇم خۇدانى كۆپ يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ كاللا ئىشلىتىپ قوغلاشقاندىن ئېشىپ چۈشىدۇ. ئاھ ئىشەنچ! ئىشەنچ ئاجايىپ گۈزەل! ئۇ ئادەمنىڭ روھىنى يورۇتىدۇ ھەم ياراتقۇچىنى تونۇشقا يېتەكلەيدۇ. ئەپسۇسلىنارلىقى شۇكى، بۇ گۈزەللىكنى ناھايىتى ئاز ساندىكى ئادەملەر بىلىدۇ ھەم ئۇنىڭدىن پايدىلىنىدۇ. لېكىن، بىرلا قېتىم بىلىۋالساق، ئۇنىڭ نەقەدەر شەرەپلىكلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ تىل بىلەن تەسۋىرلىگۈسىز بەختتۇر.

خۇدانى ئەڭ زور شان-شەرەپكە ئىگە قىلىشتا، بىز ئۆزىمىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىگە مۇتلەق تايانماسلىقىمىز لازىم. بىز ئۆزىمىزنى خۇداغا پۈتۈنلەي تاپشۇرۇپ، ئۆزىمىزنى خۇداغا قوغدىتايلى.

ئى رەب! سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى ھېس قىلغان چېغىمدا، ھوشۇمنى يوقىتىپ قويغىلى تاس قالىمەن. ئەگەر ئىرادىڭىز بولسا، بۇ ئىلتىپاتنى سىزنى تېخى تونۇمىغانلارغىمۇ بەرگەيسىز، ئۇلارمۇ ئۆزلىرىنى سىزگە ئاتىسۇن. ئۆزۈمگە كەلسەم، سىزنى تولۇپ-تاشقان ئىشەنچ بىلەن تونۇغانلىقىمدىن قانائەتلىنىمەن.

ئى خۇدا! سىزنىڭ ماڭا كۆرسەتكەن ئىلتىپاتىڭىز نە قەدەر زور-ھە! سىزگە ئوقۇغان مەدھىيىلىرىمنى قوبۇل قىلغايسىز. لېكىن، خۇدا ماڭا قىلغان ئىلتىپاتىڭىزنى قايتۇرۇپ كېتىشىڭىزنى تىلەيمەن، چۈنكى سىز مېنىڭ ئىلتىپاتىڭىزنى ئەمەس، بەلكى ئۆزىڭىزنى ئىزدەيدىغانلىقىمنى بىلىسىز. ئەگەر مەن سىزنى تاپالمىسام، كۆڭلۈم مەڭگۈ تىنچلانمايدۇ.

ئى خۇدا! قەلبىمنى تېخىمۇ كەڭ قىلغايسىز، قەلبىمدە سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىزنى قوبۇل قىلىشقا تېخىمۇ كەڭرى ئورۇن بولغاي! خۇدا، مېنى كۈچ-قۇدرىتىڭىز بىلەن يۆلىگەيسىز.

خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى مەشىق قىلىشنىڭ ئۈنۈمى زور بولىدۇ. ئۇ بىزنى خۇداغا سەمىمىيلىك بىلەن دۇئا قىلدۇرۇپ، بىزنى قالايمىقان خىياللاردىن نېرى قىلىپ، دىققىتىمىزنى خۇداغا مەركەزلەشتۈرىدۇ.

ئەگەر خۇدانىڭ ئىلتىپاتلىق قۇتقۇزۇشى بولمىسا، يوشۇرۇن تۇسالغۇ ۋە خېيىم-خەتەرگە ئۇچرىغاندا، قىيا تاشقا ئۇرۇلۇشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ. ئەگەر خۇدا بىلەن بىرگە بولمىساق، خۇدادىن قانداق تىلىيەلەيمىز؟ ئەگەر خۇدانى دائىم ئەسلەپ تۇرمىساق، خۇدا بىلەن قانداقمۇ بىرگە بولالايمىز؟ ئەگەر خۇدا بىلەن بىللە بولىدىغان ئادەتنى يېتىلدۈرمىسەك ھەم ئۇنىڭدىن ھەر ۋاقىت ئىلتىپات تىلىمىسەك، خۇدانى قانداقمۇ ئويلاپ تۇرالايمىز؟

ئەگەر سىز يېتىلگەن ئېتىقادچى بولۇشنى ئويلىسىڭىز، ئۆز ئەقىل-پاراسىتىڭىزگە تايىنىشتىن ساقلىنىڭ. چۈنكى، پەرەز بىلەن قىلىنغان ئىشلار دائىم مەغلۇبىيەت بىلەن ئاخىرلىشىدۇ. ياراتقۇچىمىز ھەقىقەتنىڭ ئەڭ چوڭ پروفېسسورى. شۇڭا، بىز خۇدانى ئىشەنچ بىلەن تونۇيلى.

بىز سىناقلارغا ئۇچرىغاندا ۋە بېشىمىزغا كۈن چۈشكەندە، بىزگە ھېچقانداق نەرسە ئەڭ چوڭ قۇتقۇزۇلۇشنى مېھرىبان خۇدا ئېلىپ كەلگەندەك ئېلىپ كېلەلمەيدۇ. ئەگەر بىزدە ئازاب بولسا، خۇددى بالا مېھرىبان ئاتىسىغا يېقىنلاشقاندەك، بارلىق قايغۇلىرىمىزنى خۇداغا تاپشۇرايلى، خۇدادىن ئىرادىمىزنىڭ ئۇنىڭ ئىرادىسى بىلەن بىرلىششى ئۈچۈن كۈچ-قۇۋۋەت تىلەيلى.

ئەگەر مەن قەلبىمنىڭ خۇدانى سۆيمەيدىغانلىقىنى بىلسەم، يۈرىكىمنى دەرھال ئويغۇتۇش كېرەكلىكىنى بىلىمەن.

ئى خۇدا! مەن سىزنى ھەقىقەتەنمۇ بەك كېچىكىپ سۆيۈپتىمەن. ياش قېرىنداشلار، مەن ياش ۋاقتىمدا خۇداغا كۆڭۈل بۆلمىگەنلىكىمگە ئىقرارمەن. شۇڭا سىلەردىن شۇنى ئۈمىد قىلىمەنكى، بارلىقىڭلارنى خۇداغا ئاتاڭلار. ئەگەر مەن خۇدانى بالدۇرراق تونۇغان بولسام، بىرەرسى ماڭا خۇددى مەن سىلەرگە ئېيتىپ بېرىۋاتقاندەك بالدۇرراق ئېيتىپ بەرگەن بولسا، مەن خۇدانى بۇنچە كېچىكىپ سۆيمەسىدىم. ئىشىنىڭكى، ئەگەر سىز خۇدانى بۈگۈنى سۆيمىسىڭىز، سىز بۇ بىر كۈننى يوقاتقان بولىسىز.

# ئاخىرقى سۆز

(ياش ئاكا-ئۇكا ۋە ئاچا-سىڭىل قېرىنداشلارغا ئاتاپ يېزىلدى)

نېمە دېگەن قىممەتلىك ۋە ئاجايىپ-ھە! يۇھاننا «يۇھاننا يازغان 1-خەت»تە قەتئىي قىلىپ مۇنداق دەيدۇ:

«ئەزىز باللىرىم، داۋاملىق ئەيسا مەسىھكە باغلىنىپ ياشاڭلار. شۇنداق بولغاندا، ئۇ قايتىپ كەلگەندە يۈرىكىمىز توق تۇرىدۇ ھەم ئۇنىڭ ئالدىدا خىجالەتچىلىكتە قالمايمىز» (2-باب، 28-ئايەت).

بۇ ئايەتتە رەبنىڭ ئىلتىپاتقا ئېرىشكۈچىدىن كۈتكەن بارلىق ئۈمىدى ۋە تەلىپى مۇجەسسەملەشكەن. «رەبنىڭ ئىچىدە ياشاش» دېگەن بۇ سۆزنى «كونا ئەھدە»دە ھانوخ تەسۋىرلەنگەن سۆز بويىچە ئېيتساق، «ھانوخ خۇدا بىلەن 300 يىل يېقىن ياشىدى» دېگەنلىك بولىدۇ. («ئالەمنىڭ يارىتىلىشى» 5-باب، 21-ئايەتتىن 24-ئايەتكىچە). 17- ئەسىردە ياشىغان فىرانسىيىلىك لاۋرېنسنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق، «خۇدا بىلەن بىللە بولۇش» دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇچ يۈز نەچچە يىلدىن بۇيان، لاۋرېنس خۇدانى چىن قەلبىدىن سۆيۈپ كەلگەن نۇرغۇن ئادەملەرگە ياردەم بېرىپ، ئۇلارنى تەربىيىلىدى. ئۇنىڭ يازغان قىسقا ماقالىلىرىنىڭ مەنىسى مول ۋە چوڭقۇر.

«ھەممە ئىشلار تاماملاندى!» - خۇدانىڭ ئوغلى، ئىنسانلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئەيسا مەسىھ كرېست ئۈستىدە ئەڭ ئاخىرقى غەلىبىسىنى تەنتەنىلىك جاكارلاپ، يەر-زېمىننى لەرزىگە سالدى. قاراڭغۇلۇقنىڭ كۈچىنى تولۇپ يىلتىزىدىن قومۇرۇپ تاشلاپ، خۇدانىڭ ئىنسانىيەتكە بولغان قۇتقۇزۇش خىزمىتىنى تاماملىدى. مۇشۇ ۋاقىتتا، مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىكى خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا پۇقرالارنىڭ كىرىشىنى توسۇش ئۈچۈن ئېسىلغان پەردە ئوتتۇرىدىن توساتتىن ئىككى پارچە بولۇپ يىرتىلدى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، ھەم يېقىن، ھەم ھاياتىي كۈچكە ئىگە بىر يول ئېچىلدى! ئىلتىپاتقا ئېرىشكۈچىلەر رەبنىڭ قېنى ئارقىلىق خۇدانىڭ ھۇزۇرىغا قورقماي كىرىپ، خۇدانىڭ كەچۈرۈمىگە، ئىلتىپاتىغا، ياردىمىگە ئېرىشىدىغان بولدى. («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 4-باب، 16-ئايەت؛ 10-باب، 19- ۋە 20-ئايەت)

بۇ نېمە دېگەن چوڭقۇر ۋە ئاجايىپ مېھىر-مۇھەببەت-ھە!

## قەدىمكىلەرنىڭ ئارزۇسى ۋە كەچۈرمىشلىرى

«زەبۇر»دىكى ئەڭ قەدىمىي شېئىر، يەنى 90ـ پارچە شېئىرنى مۇسا پەيغەمبەر يېزىپ قالدۇرغان (بەزىلەر بۇ شېئىرنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى «نوپۇس سانى» 14ـ باب دېيىشىدۇ).

ئۇ ئەڭ دەسلەپتىلا: «ئى خۇدا! سىز ئەسىرلەردىن بۇيان بىزنىڭ پاناھگاھىمىز بولدىڭىز، تاغلار يارىتىلماستا، زېمىن ۋە دۇنيا تېخى شەكىللەنمەستە، سىز ئەبەدىل-ئەبەد بىزنىڭ خۇدايىمىزدۇرسىز» دەپ يازىدۇ («زەبۇر» 90ـباب، 1ـ ۋە 2ـئايەت). ئۇ چاغلاردا، خۇدانىڭ پۇقرالىرى چېدىرلاردا تۇراتتى. لېكىن، خۇدا ئۇلارنىڭ قەلبىنىڭ تۇرارگاھى، ئۇلارنىڭ ئارامگاھى، ئۇلارنىڭ تەسەللىچىسى ۋە ئۇلارنىڭ قۇتقۇزغۇچىسى ئىدى. («زەبۇر» 18ـباب، 1ـ ۋە 2ـ ئايەت)تە مۇسا پەيغەمبەر خۇدا بىلەن يۈزمۇ يۈز پاراڭلاشقان. («قانۇن شەرھى» 10ـباب)تا مۇسا پەيغەمبەر مۇقەددەس تاغدا ئىلگىرى-ئاخىر بولۇپ ئىككى قېتىم خۇدا بىلەن قىرىق كېچە-كۈندۈز بىللە بولۇپ، مۇقەددەس قانۇننى قوبۇل قىلغان. («مىسىردىن چىقىش» 24ـباب، 18ـئايەت، ۋە 34ـباب، 28ـئايەت، «قانۇن شەرھى» 10ـباب، 10ـئايەت) ئېنىقكى، مۇسامۇ خۇدا بىلەن ھانوخ ۋە نۇھلارغا ئوخشاش بىللە بولغان. خۇدا ئۇنىڭغا ھەرقانداق ۋاقىتتا سۆزلەيتتى. دېمەك، خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ئىلتىپاتى ئەڭ قىممەتلىكتۇر. خۇدا بىلەن بىللە بولۇش بارلىق بەخت ۋە ئىلتىپاتنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. بىزدە خۇدانىڭ بىللە بولۇش بولغاندىلا، ھېچقانداق نەرسىمىز كەم بولمايدۇ («مىسىردىن چىقىش» 3ـباب، 12ـئائايەت، ۋە «يەشۇ» 1ـباب، 5ـئايەت).

«خۇدانىڭ نىيىتىدىكىدەك» داۋۇت پەيغەمبەر («سامۇئىل 1ـ» 13ـباب، 14ـئايەت؛ «ئەلچىلەرنىڭ پائالىيەتلىرى» 13ـباب، 22ـئايەت؛ «نەھەمىيا» 12ـباب، 24ـ ئايەتتىن 36ـئايەتكىچە؛ «تارىخلار 2ـ» 8ـباب، 14ـئايەت)نىڭمۇ بىر ئارزۇسى بار ئىدى. ئۇ مۇنداق دەيدۇ:

> «بىر ئىشنى مەن خۇدادىن تىلىگەن ھەم داۋاملىق تىلەيمەن. ئۇ بولسىمۇ پۈتۈن ھاياتىمدا خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا بولۇش، ئۇنىڭ سەلتەنىتىگە تەلمۈرۈش، ئۇنىڭ ئىبادەتخانىسىدا تىلەش» («زەبۇر» 27ـباب، 4ـئايەت).

«زەبۇر» 139ـ باب، 1ـ ئايەتتىن 12ـ ئايەتكىچە ئۇقۇساق شۇنى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈۋالالايمىزكى، داۋۇت پەيغەمبەر خۇدا بىلەن دائىم بىللە بولىدىغان ئادەم.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «مەن خۇدانىڭ ئىبادەتخانىسىدا مەڭگۈ تۇرىمەن» («زەبۇر» 23-باب، 6-ئايەت). دېمەك، داۋۇت پەيغەمبەر ئىشەنچى ئارقىلىق كەلگۈسىنى، يەنى مەڭگۈلۈك دۇنيانى كۆرەلىگەن.

ئايال پەيغەمبەر ھاننا مۇقەددەس ئىبادەتخانىدىن ئون يىلدەك ئايرىلمىغان. ئۇ روزا تۇتۇپ، دۇئا قىلىپ، خۇدا ئۈچۈن كېچە-كۈندۈز خىزمەت قىلاتتى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 2-باب، 37-ئايەت).

بۈگۈنكى كۈنلۈكتە، بىز خۇداغا تەشەككۈر ئېيتىمىز، چۈنكى ئەيسا مەسىھ كرېست ئۈستىدىكى ئۇلۇغ ۋە مۇكەممەل قۇتقۇزۇشى بىلەن تېخىمۇ چوڭقۇر ۋە تېخىمۇ مول ئىلتىپات كۆرسىتىپ، ئىلتىپاتقا ئېرىشكەن گۇناھكارلارنى ئۆزىنىڭ قېنى ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھۇزۇرىغا، يەنى «ئۆز تەختىگە» ئېلىپ كەلدى. خۇددى «ئەيسا مەسىھ ئۈچۈن ياشايدىغان» ئەلچى پاۋلۇس ۋە يۇھاننالاردەك ئېتىقادچىلار، خۇدانىڭ ئىچىدە ئۆز ئىشەنچى ئارقىلىق داۋاملىق بىللە بولالايدۇ. مانا بۇ خۇدادا ياشغانلىقتۇر. «كولوسىلىقلارغا يېزىلغان خەت»نىڭ 2- باب، 9- ۋە 10- ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن:

> «خۇدانىڭ بارلىق مۇكەممەل تەبىئىتى بۇ دۇنياغا ئىنسان تېنىدە كەلگەن ئەيسا مەسىھتۇر. سىلەر ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولغانلىقىڭلاردىن، ئۇ سىلەرگە خۇدانىڭ كۈتكىنىدەك بولۇشۇڭلار ئۈچۈن موھتاج بولغان ھەرقانداق ئىلتىپاتنى بەردى. ئۇ روھىي كۈچلەر دۇنياسىدىكى ھۆكۈمرانلار ۋە ھوقۇقدارلاردىن ئۈستۈن تۇرىدۇ».

ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدىكى مولللۇقنىڭ چېكى يوق. بۇنى پەقەت ئەيسا مەسىھنىڭ ئىچىدە بولغۇچىلارلا قوبۇل قىلالايدۇ. ئەيسا مەسىھ ھاياتلىقنىڭ مەنبەسى، ئۇنىڭدا «بارلىق روھىي بەخت» بار («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 1-باب، 3-ئايەت). مانا بۇ لاۋرېنس ئېيتقان خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنىڭ مەنىسى.
رەب ئەيسا ئاتام بىلەن مېنىڭ دائىم بىللە بولۇشۇمنىڭ سىرى شۇكى، «مەن دائىم خۇدا خۇشال بولىدىغان ئىشلارنى قىلىمەن»، يەنى «مەن ھېچقانداق ئىشنى ئۆزۈمگە تايىنىپ قىلمايمەن» دېگەننى ئۆز ئېغىزى بىلەن ئېيتقانىدى. شۇنداقلا، رەب ئەيسا ئۆزىگە تايىنىپ سۆزلىمەيتتى.
(«يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8-باب، 28-، 29-، 30- ئايەتلەر؛ 5-باب، 30- ئايەت؛ 12-باب، 49-، 50-ئايەتلەردىن پايدىلىنىڭ.) ئەيسا مەسىھ

خۇدانىڭ ئىرادىسىگە مۇتلەق بويسۇنۇپ، ئۇنى ئىجرا قىلاتتى. ھەر ۋاقىت، ھەر ئىشتا ئۆزىنى (ئۆزىنىڭ ئوي-پىكرى، ھېسسىياتى ۋە ئىرادىسىنى) ئىنكار قىلاتتى. ھەممە ئىشتا ئۆزىگە نىسبەتەن ئۆلۈك، خۇداغا نىسبەتەن تىرىك بولاتتى. لاۋرېنسىنىڭ سۆزى بويىچە ئېيتساق، ھەممە ئىشنى خۇدانى سۆيگەنلىكى سەۋەبىدىن قىلىشنى ئۆگىنىش خۇدانى مەركەز قىلىش دېگەنلىك بولىدۇ.

«خۇداغا يېقىنلاشساڭلار، خۇدامۇ سىلەرگە يېقىنلىشىدۇ» («ياقۇپ يازغان خەت» 4-باب، 8-ئايەت)

«خۇدا بولسا نۇر، ئۇنىڭدا قىلچە قاراڭغۇلۇق يوق».

خۇدا بىلەن بىللە بولغان كىشى بۇ نۇرغا ئېرىشىپ، دۇنيانىڭ نۇرى بولىدۇ («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 5-باب، 14-ئايەت). پاۋلوس سالونىكا شەھىرىدىكى ئېتىقادچىلار جامائەتچىلىكىگە ئېيتقاندەك:

«ئەيسا مەسىھكە ئېتىقاد قىلغۇچى سىلەرنىڭ ئاراڭلاردىكى ئەمەلىي ھەرىكىتىمىزنىڭ پاك، ھەققانىي ۋە ئەيىبسىز ئىكەنلىكىگە ئۆزۈڭلار گۇۋاھلىق بېرەلەيسىلەر، بۇنىڭغا خۇدامۇ گۇۋاھتۇر» («سالونىكىلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 2-باب، 10-ئايەت).

نۇر قاراڭغۇلۇقنى يوق قىلالايدۇ. نۇر خۇددى ئەييۇپ پەيغەمبەر تۇۋا قىلغاندەك، توپا-چاڭ ۋە كۈل ئارىسىدا تۇۋا قىلدۇرىدۇ («ئەييۇپ» 42-باب، 6-ئايەت). بىلىشىمىز كېرەككى، شەيتان ئۆلۈم ھوقۇقى ۋە قاراڭغۇلۇق ھوقۇقىنى قولىدا تۇتقان. («ئىبرانىيلارغا يېزىلغان خەت» 2-باب، 14-ئايەت؛ «لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 22-باب، 53-ئايەت)

«خۇدا مۇھەببەتتۇر». خۇدا بىلەن بىللە بولغان كىشى خۇدانى سۆيۈشى، خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 14-باب، 21-ئايەتتىن 24-ئايەتكىچە). «كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 13-باب 4- ئايەتتىن 7- ئايەتكىچە يېزىلغاندەك، قېرىنداشلارنى سۆيۈشتە ئەيسا مەسىھنىڭ مۇھەببىتىنى ئىپادىلەپ، مەسىھ ئۈچۈن ياشاش مەقسىتىگە ئاستا-ئاستا يېتىشىمىز لازىم. مۇشۇنداق بولغاندا، ئۆز-ئۆزىمىزنى سۆيۈش، مال-دۇنيانى سۆيۈش ۋە ھۇزۇر-ھالاۋەتنى سۆيۈش («تىموتىيغا يېزىلغان 2- خەت» 3-باب، 1-ئايەتتىن

4ـ ئايىتىگىچە) قاتارلىقلارغا ئورۇن قالمايدۇ. بىلىشىمىز كېرەككى، شەيتان «ئەڭ دەسلەپتىلا قاتىل ئىدى» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـ باب، 44ـ ئايەت).

«خۇدا ھەقىقەتتۇر». چۈنكى، «مۇقەددەس كىتاب»تا «خۇدا ھەقىقەت»، «رەب ئەيسا ھەقىقەت»، «مۇقەددەس روھ ھەقىقەت»، «خۇدانىڭ سۆزى ھەقىقەت» دېيىلگەن. («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 3ـ باب، 4ـ ئايەت، «يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 17ـ باب، 17ـ ئايەت ۋە 14ـ باب، 6ـ ئايەت؛ «يۇھاننا يازغان 1ـ خەت» 5ـ باب، 7ـ ئايەت) خۇدا بىلەن ھەقىقىي بىرگە بولغان ئادەم ھەقىقەتنى چوقۇم سۆيۈشى، خۇدانىڭ سۆزلىرىنى سۆيۈشى، خۇدانىڭ سۆزلىرىگە ئەمەل قىلىشى كېرەك. مەيلى ئىبادەتتە، مەدھىيىدە، شۈكۈر ئېيتىشتا، گۇناھنى تونۇشتا ياكى توۋا قىلىشتا بولسۇن، پەقەت ھەقىقىي بولسىلا، خۇدا بۇنى قوبۇل قىلىدۇ. «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلىدۇ:

«خۇدا، سىزنىڭ خوشال بولىدىغىنىڭىز، قەلبىمىزدىكى
سەمىمىيلىكتۇر» («زەبۇر» 51ـ باب، 16ـ، 17ـ ئايەت).

خۇدا بىلەن بىللە بولالىغان ئادەم يالغانچىلىق، ھىيلە-مىكىر، ساختىلىق ۋە ياسالمىلىق قاتارلىقلاردىن خالاس بولۇپ، خۇددى يېڭى يېرۇسالېمنىڭ ياقۇتى ۋە ئالتۇنىدەك بولىدۇ («ۋەھىي» 18ـ باب 21ـ ئايەت ۋە 21ـ باب، 11ـ ئايەت). لېكىن، شەيتان «ھەقىقەتتە تۇرمايدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدا ھەقىقەت يوقتۇر. يالغان سۆزلەش ئۇنىڭ تەبىئىي خۇسۇسىيىتى، چۈنكى ئۇ يالغانچى ھەم يالغانچىنىڭ پىرىدۇر» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 8ـ باب، 44ـ ئايەت). «بارلىق يالغانچىلارنىڭ بارىدىغان جايى كىسلاتا كۆيۈپ تۇرغان ئوت دېڭىزىدۇر» («ۋەھىي» 21ـ باب، 8ـ ئايەت). رەب ئەيسا يەنە ھاياتلىق، تىرىلىش («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11ـ باب، 25ـ ئايەت) ھەم يولدۇر. ئۇ مۇقەددەس، ئادىل، مۇلايىم ۋە كەمتەر بولۇپ، بارلىق گۈزەل ئەخلاق ئۇنىڭدا مۇجەسسەملەشكەن. بىز پەقەت ئۇنىڭ بىلەن بىر بولغاندىلا، ئاندىن ئۇنىڭغا ئوخشىيالايمىز. بىز پەقەت غەلىبە قازانغان رەبنىڭ ئىچىدە ياشىساقلا، قاراڭغۇلۇقنىڭ ئاسارىتىدىن قۇتۇلالايمىز («تىموتىيغا يازغان ئىككىنچى خەت» 4ـ باب، 7ـ ئايەت).

«ئەيسا مەسىھنى تونۇش ھەممىدىن قىممەتلىك»
(«فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 3ـ باب، 8ـ ئايەت)

پاۋلۇس «ئەيسا مەسىھنى تونۇش ھەممىدىن قىممەتلىك» دەپ يازىدۇ. بىز خۇداغا يېقىنلىشىپ، ئۇنىڭ بىلەن بىرگە بولساق، خۇدانىڭ سۆزلىرىگە تايانساق،

خۇدانىڭ بىز ئۈچۈن ئورۇنلاشتۇرغان ئىشلىرىنىڭ بىز ئۈچۈن پايدىلىق ئىكەنلىكىنى بىلسەك، خۇدانى ئاندىن بارا-بارا تونۇيالايمىز. خۇدانىڭ خاراكتېرىنى ۋە ئوي-پىكرىنى چۈشەنسەك، ھەممە جايدا ۋە ھەرقانداق ئىشتا مۇقەددەس روھنىڭ يېتەكچىلىكىگە بويسۇنالايمىز. 20- ئەسىردە ياشىغان، خۇدانىڭ سادىق خىزمەتچىسى سپاركس ئەپەندى (ئەنگلىيىلىك) مۇنداق دەيدۇ: «خۇدانىڭ بىزگە تاقابىل تۇرۇشتىكى ئاساسلىق مەقسىتى ئۆزىنى بىزگە تونۇتۇش. بىزنىڭ بارلىق كەچۈرمىشلىرىمىز - سىناق، قىيىنچىلىق، ئازاب، ئۇۋالچىلىق، زىيانكەشلىك، ئاجىزلىق، ئاۋارىچىلىك، خېيىم-خەتەر، ئالدىراشچىلىق، ئوڭۇشسىزلىق، بېسىم قاتارلىقلارنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتى بىزنىڭ خۇدانى تونۇشىمىز ئۈچۈندۇر. دۇرۇس، خۇدا مۇشۇلار ئارقىلىق بىزنىڭ ئېتىقادىمىزنىڭ ساپلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. بىزگە مۇقەددەس روھنىڭ مېۋىلىرىنى بەرگۈزىدۇ («گالاتىيالىقلارغا يېزىلغان خەت» 5-باب، 22-ئايەت). خۇدانىڭ بىزدىن كۈتىدىغان تېخىمۇ چوڭقۇر مەقسىتى شۇكى، ئۇ بىزنىڭ تاۋلىنىپ، ئۆزىگە ئوخشىشىمىزنى خالايدۇ. بىز ئۆز كەچۈرمىشلىرىمىز ئارقىلىق، خۇدا بىلەن تېخىمۇ يېقىن مۇناسىۋەتتە بولالايمىز». دېمەك خۇدانى قانچە تونۇساق، خۇدانى شۇنچە سۆيەلەيمىز؛ خۇداغا قانچە ئىشەنسەك، ئۇنىڭغا قانچە بويسۇنساق، خۇداغا شۇنچە ئوخشىيالايمىز. قېرىنداشلار ئېسىڭلاردا بولسۇنكى، خۇدا بىزنىڭ ئۆزىگە يېقىنلىشىشىمىزغا ۋە ئۆزىنى تونۇشىمىزغا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئۇنىڭ بىز ئۈچۈن قىلغىنى بىزنىڭ ئۇنىڭغا قىزغىنلىق بىلەن قىلغان خىزمىتىمىزدىن كۆپ ئارتۇق.

## مۇقەددەس بولۇشنىڭ يولى

خۇدا بىلەن بىللە بولۇش بىلەن ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىپ، كرېست كۆتۈرۈشنىڭ زىچ مۇناسىۋىتى بار. ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىپ، كرېست كۆتۈرۈشىمىز ئۈچۈن، خۇدانىڭ ئىچىدە ھەر ۋاقىت بولۇشىمىز، خۇدادىن ھەر ۋاقىت ئىلتىپات قوبۇل قىلىپ تۇرۇشىمىز كېرەك. خۇدا كۈندىلىك تۇرمۇشىمىزدا بىزنى ئۆزى بىلەن تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرۇش مەقسىتىدە، ئۇنىڭدا ھەر تۈرلۈك چوڭ-كىچىك قىيىنچىلىق ۋە زىددىيەتلەرنىڭ بولۇشىغا يول قويغان. يەنە بىر تەرەپتىن، خۇدا ئىچىدىلا ياشاپ، ئۆزىمىزگە نىسبەتەن ئۆلۈش بولمىسا بولمايدۇ.

ھەرقانداق ئېسىل مەھسۇلاتنىڭ راست- يالغىنى بولىدۇ. ئۈنچە-مارجان، ياقۇت ۋە داڭلىق رەسىملەرمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. شەيتان روھىي دۇنياغا تېخىمۇ ئاكتىپ ئىشتىراك قىلىشنى خالايدۇ. مەسىلەن، دۇئا قىلىش («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 18- باب، 9-ئايەتتىن، 14-ئايەتكىچە)، ئىبادەت قىلىش («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 4-باب، 24-ئايەت؛ «ماتتا بايان قىلغان

خۇش خەۋەر» 15ـ باب، 8ـ ئايەت)، خۇش خەۋەر يەتكۈزۈش، مۆجىزە كۆرسىتىش («ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 7ـ باب، 22ـ ئايەت ) قاتارلىقلار. شۇنىڭدەك، خۇدا بىلەن بىر بولۇشمۇ بۇنىڭ سىرتىدا ئەمەس. ئومۇمەن، ئۆزىنى ھەقىقىي ھالدا قۇربان قىلماي تۇرۇپ، «كىرىست كۆتۈرۈپ، رەبكە ئەگىشىمەن» دېگۈچىلەرنىڭ «خۇدا بىلەن بىرگە بولىمەن» دېيىشى ساختا. رەب ئەيسا مۇنداق دەيدۇ: «سىلەر مەندە بولساڭلار ۋە سۆزلىرىم سىلەردە ساقلانسا، ئارزۇ قىلغىنىڭلارنى تەلەپ قىلساڭلار، شۇنىڭغا ئېرىشىسىلەر» («يۇھاننا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 15ـ باب، 7ـ ئايەت). خۇدا بىلەن ھەقىقىي بىرگە بولغان ئادەم خۇدانىڭ ئۆزىگە سۆزلەۋاتقانلىقىنى ۋە دۇئالىرىنى دائىم ئاڭلاۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىدۇ.

يېڭىۋاشتىن تۇغۇلۇپ، خۇدانىڭ ھاياتىغا مۇيەسسەر بولالىغان ئادەم قانداق قىلغاندا مۇقەددەس خۇدانىڭ ئىچىدە ياشىيالايدۇ؟ بۇنىڭ ئۈچۈن خۇددى خۇدا يورۇقلۇقتا بولغىنىدەك، خۇدا بىلەن يورۇقلۇق ئىچىدە بىللە بولۇش كېرەك. («يۇھاننا يازغان بىرىنچى خەت» 1ـ باب، 5ـ ئايەتتىن 7ـ ئايەتكىچە؛ «زەبۇر» 140ـ باب، 13ـ ئايەت؛ «يەشايا» 33ـ باب، 14ـ، 15ـ، 16ـ ئايەت)، يەنى ئۆزىمىز ئۈچۈن ئۈزلۈكسىز ئۆلۈپ، خۇدا ئۈچۈن تىرىك بولۇپ، مەسىھتەك ياشىشىمىز كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن بىزنىڭ چوڭ بەدەل تۆلىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ. لېكىن، ئەنسىرىمەيلى،«مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «ماڭا كۈچ ـ قۇدرەت ئاتا قىلغۇچى رەببىمىز ئەيسا مەسىھكە تايىنىپ، خۇدا مەندىن تەلەپ قىلغان ھەرقانداق ئىشنى قىلالايمەن» («فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 4ـ باب، 13ـ ئايەت؛ «رىملىقلارغا يېزىلغان خەت » 8ـ باب، 37ـ ئايەت).

دېمەك، خۇدا بىلەن بىر بولۇشنى ئۆزىمىزنى قۇربان قىلىپ كىرىست كۆتۈرۈشكە بىرلەشتۈرسەك، بۇ دەل مۇقەددەس بولۇشنىڭ يولى بولىدۇ.

## خۇدا بىلەن بىر بولۇشنى قانداق مەشىق قىلىش كېرەك؟

نامۇۋاپىق سۆز ـ ھەرىكەت، ۋات ـ ۋاتلىق، تۇراقسىز كەيپىيات، ھاياجانلىنىش، غەم ـ ئەندىشە، نىيەتنىڭ نامۇۋاپىقلىقى، بوشاڭلىق، تەرتىپسىزلىك ۋە ۋىجدانئازابى قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسى بىزنىڭ خۇدا بىلەن بىللە بولۇشىمىزغا تەسىر كۆرسىتىدۇ. مۇنداق ئەھۋاللارغا دۇچ كەلگەن ۋاقتىمىزدا، دەرھال خۇدانىڭ ئالدىغا كېلىپ، خۇدانىڭ رەھىمدىللىكى ۋە قۇتقۇزۇشىغا تەلمۈرۈپ، غەلىبىنى قولغا

كەلتۈرۈشمىز كېرەك. پىشقەدەم ئېتىقادچىلارنىڭ تەجرىبىلىرى بىزگە شۇنى ئېيتىپ بېرىدۇكى، خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى باشلىغان چاغدا، ئەڭ ياخشىسى ۋاقىت بەلگىلەپ دۇئا قىلىشنى كۆچەيتىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، «مۇقەددەس كىتاب»تىكى ئالاھىدە ئەھمىيەتلىك ئايەتلەرنى ئېچىمىزدە دائىم ئويلاپ تۇرۇشىمىز لازىم. كارمىن خانىم دائىم ئاساسىي دۇئالارنى، يەنى «ماتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 6-باب، 9-ئايەتتىن 13-ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنى ئويلايتتى. دېمەك، بىزمۇ مۇشۇنداق ئالاھىدە ئايەتلەرنى ئەستىن چىقارماسلىقىمىز لازىم. لېكىن، ئويلىدۇق دەپ ئۆزىمىزنى چارچىتىۋالساق ياخشى ئەمەس. پىشقەدەم ئېتىقادچى يۇ جىنخۇا بۇ توغرىسىدا ئۆزىنىڭ قىممەتلىك پىكرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ مۇنداق دەيدۇ:

بىرىنچىدىن، كارمىن خانىمنىڭ «ئاددىي دۇئا قىلىش ئۇسۇلى»دا ئېيتىلغىنىدەك، سىز «مۇقەددەس كىتاب»تىن روھىي ھاياتىڭىزنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشىگە پايدىلىق بولغان بىرەر ئايەتنى تاللاپ، ئۇنى ئاستا-ئاستا ئوقۇڭ. بىر تەرەپتىن، خۇداغا يۈزلىنىڭ؛ بىر تەرەپتىن، ئۆزىڭىزنى تەكشۈرۈڭ. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خۇداغا چىن قەلبىڭىزدىن شۈكۈر قىلىڭ، خۇدانى مەدھىيىلەڭ، خۇداغا ئىبادەت قىلىڭ. مۇشۇنداق قىلغاندا، ئوي-پىكىرلىرىڭىزنى خۇدانىڭ سۆزلىرى ئىگىلەيدۇ-دە، بۇ دۇنياغا تەۋە بولغان قالايمىقان خىياللاردىن قۇتۇلالايسىز. مېنىڭچە، بۇ ئۆگىنىشنى باشلىغان چاغدىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل. لېكىن، بۇ ئۇسۇلدا بىر نەرسىگە دىققەت قىلىشىمىز كېرەككى، ئۆزىمىزنى بەك چارچىتىپ قويماسلىقىمىز لازىم. چۈنكى، خۇدا بىلەن بىللە بولۇش ھېرىپ-چارچاش ئەمەس، بەلكى قەلبىمىزنى تىنچلاندۇرۇشتۇر.

ئىككىنچىدىن،«مۇقەددەس كىتاب»تىكى سۆزلەرنى ئىشلەتمەي ھەم ئۆزىمىزنىڭ كۈچىگە تايانماي، خۇدانى سۆيۈش ۋە خۇدادىن ئەيمىنىش پوزىتسىيىسى بىلەن خۇداغا بىۋاستە يېقىنلىششىمىز كېرەك. بۇ خىل ئۇسۇلدا قانچە تىنچ شارائىتىمىز بولسا، ئۈنۈمى شۇنچە ياخشى بولىدۇ. ئەگەر بىزدە تىنچ مۇھىت بولمىسا، بىرىنچى ئۇسۇلنى قوللانساق، مۇۋاپىق بولىدۇ.

## كەمتەرلىك، تايىنىش، داۋاملاشتۇرۇش

گەرچە بىزدە خۇدا بىلەن بىللە بولۇش مەشقىگە نىسبەتەن ئىلگىرىلەش ۋە ئۆسۈش بولغان بولسىمۇ، بىز يالغۇز دۇئا قىلىشقا يەنىلا سەل قارىساق بولمايدۇ. چۈنكى، ئەيسا مەسىھمۇ مۇشۇنداق قىلاتتى (بولۇپمۇ ھالقىلىق پەيتلەردە). مەسىلەن، تاغ تۆپىسىدە كېچىچە دۇئا قىلاتتى («لۇقا بايان قىلغان خۇش خەۋەر»

6‏ـباب، 12‏ـ ۋە 13‏ـ ئايەت). سەھەردە دالادا دۇئا قىلاتتى («مارقۇس بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 1‏ـباب، 35‏ـئايەت).

لاۋرىنس ۋە باشقا پىشقەدەملەر بىزگە شۇنداق تەربىيە بېرىدۇكى، خۇدا بىلەن بىللە بولۇشنى ئۆگىنىش جەريانىدا مەغلۇبىيەتتىن ئۈمىدسىزلەنمەسلىكىمىز لازىم. بۇ، قىسقا ۋاقىت ئىچىدە ئەمەلگە ئاشۇرغىلى بولىدىغان ئىش ئەمەس. خۇدا بىلەن بىللە بولۇشقا قانچىلىك ۋاقىتنىڭ كېتكەنلىكى مەزكۇر ئادەمنىڭ خۇداغا يۈزلەنگەن قەلبى، خۇدانىڭ جەلپ قىلىشى ۋە مۇھىت ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرايدۇ. شارائىتنىڭ جاپالىق بولۇشى بىزنىڭ ئۆگىنىش ئۈنۈمىمىزنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ. مەغلۇپ بولغان چاغلىرىمىزدا، ئۆز ۋاقتىدا كەمتەرلىك بىلەن توۋا قىلىپ ۋە گۇناھلىرىمىزنى تونۇپ، خۇداغا قايتا يېقىنلىشىشىمىز كېرەك. ئۆزىمىزنىڭ ئاجىزلىقىنى ئېتىراپ قىلمىساق بولمايدۇ.

خۇدانىڭ رەھىمدىللىكىگە كەمتەرلىك بىلەن تەلپۈنۈشىمىز لازىم. خۇدا مۇسا پەيغەمبەرگە مۇنداق دەيدۇ: «كىمگە رەھىم قىلغۇم كەلسە، شۇنىڭغا رەھىم قىلىمەن. كىمگە ئىچ ئاغرىتقۇم كەلسە، شۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىمەن». دېمەك، خۇدا كىمگە رەھىمدىللىك كۆرسىتىشنى ئۆزى تاللايدۇ. بۇ، ئىنسانىنىڭ ئىرادىسىگە ۋە تىرىشچانلىقىغا ئەمەس، بەلكى خۇدانىڭ رەھىمدىللىكىگە باغلىقتۇر («رىملىقلارغا يېزىلغان خەت» 9‏ـ باب، 14‏ـ، 15‏ـئايەت). مانا بۇ ئەڭ چوڭقۇر مەنىگە ئىگە سۆز بولۇپ، بارلىق سەۋەبلەرنىڭ بىرىنچىسىدۇر. چۈنكى، شانۇشەۋكەتلىك خۇدا «ھەممە ئىشنى ئۆزىنىڭ ئىرادىسى بويىچە ئورۇنلاشتۇرغان» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 1‏ـباب، 11‏ـئايەت). مانا بۇ بىزنى كەمتەر قىلىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلدۇرۇپ، خۇدانىڭ رەھىمدىللىكىگە تەلمۈرتىدۇ. خۇددى داۋۇت پەيغەمبەر ئېيتقاندەك:

> «سەن تاللاپ ئۆزۈڭگە يېقىنلاشتۇرغان، سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدا تۇرغان كىشى نەقەدەر بەختلىك‏ـھە! بىز سېنىڭ ھۇزۇرۇڭدىن، ئىبادەتخاناڭدىكى گۈزەللىكتىن قانائەتلىنىمىز» («زەبۇر» 65‏ـباب، 4‏ـئايەت).

شۇنىڭ ئۈچۈن، كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىزمۇ خۇدا بىلەن لاۋرىنستەك دائىم بىللە بولالايدىغان بولساق، شۇنى ئۇنتۇپ قالمايلىكى، بۇ ھەرگىزمۇ ئۆزىمىزنىڭ تىرىشچانلىقىدىن ئەمەس، بەلكى پەقەت رەھىمدىل ۋە ئىلتىپاتلىق خۇدادىن كەلگەن. توغرا، بىزمۇ زور تىرىشچانلىقلارنى كۆرسەتتۇق، نۇرغۇن بەدەللەرنى تۆلىدۇق. («مەتتا بايان قىلغان خۇش خەۋەر» 11‏ـباب، 12‏ـئايەت)؛

«فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 3-باب، 12-، 13- 14-ئايەت). لېكىن، بۇ تىرىشچانلىق، ئىزدىنىشلەر خۇدانىڭ ئىلتىپاتىنى قوبۇل قىلغانلىقىمىزدىن بولدى. خۇددى ئەلچى پاۋلۇس ئېيتقاندەك:

> «ھازىر ئەلچى بولۇشۇم خۇدانىڭ ماڭا كۆرسەتكەن مېھىر-شەپقىتى ئارقىلىق بولدى. ئۇنىڭ ماڭا قىلغان مېھىر-شەپقىتى بىكارغا كەتمىدى. چۈنكى، خۇدانىڭ خىزمىتىدە ئەلچىلەرنىڭ ھەممىسىدىن كۆپ ئەمگەك سىڭدۈردۈم. ئەمەلىيەتتە، مەن ئۆز كۈچ-قابىلىيىتىم بىلەن ئەمەس، بەلكى ماڭا مېھىر-شەپقەت كۆرسەتكەن خۇدانىڭ كۈچى بىلەن ئىشلىدىم» («كورىنتلىقلارغا يېزىلغان 1- خەت» 15-باب، 10-ئايەت).

باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئوبيېكتىپ جەھەتتە «خۇدا بىزنى دۇنيا يارىتىلىشتىن بۇرۇنلا ئەيسا مەسىھكە مەنسۇپ بولۇشىمىزغا تاللىدى» («ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 1-باب، 4-ئايەت). سۇبيېكتىپ جەھەتتىن ئېيتقاندا، ئادەمدە ئىلتىپاتنى قوبۇل قىلىش، پاكلىقنى قوغلىشىش مەسئۇلىيىتى بولىدۇ. ئالدىنقىسىغا نىسبەتەن بىز پەقەت ئىبادەت قىلىشىمىز، رەھمەت ئېيتىشىمىز لازىم. خۇددى ئەلچى پاۋلۇس ئېيتقاندەك قىلىشىمىز كېرەك، يەنى:

> «خۇددى يۈگۈرۈش مۇسابىقىسىدىكى كەينىگە قارىماي يۈگۈرۈۋاتقان ئادەمدەك، مەنمۇ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلارنى ئويلىماي، كەلگۈسىدىكى نىشانغا قاراپ تىرىشىمەن. يەنى، خۇدا ئەيسا مەسىھ ئارقىلىق مېنى چاقىرىپ، ئەرشتە مەن ئۈچۈن تەييارلىغان ئىنئامغا قاراپ ئىلگىرىلەيمەن» («فىلىپىلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 3-باب، 13-، 14-ئايەت).

ھازىر نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ كەسپى ۋە خىزمىتى بارغانسېرى كۆپ ۋاقتىنى ئىگىلەپ كېتىۋاتىدۇ. چۈنكى، ھەرقايسى كەسىپلەردىكى رىقابەت كەسكىنلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، ھەممە جاي ئالدىراش. ھەممە كىشى ئالدىراش بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، شۇڭا ئېتىقادچىلارنىڭ ۋاقتى ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ. يەنە نۇرغۇن ئېتىقادچىلار تېلېۋىزور خۇمارى بولۇپ، تېلېۋىزور ئالدىدا سائەت-سائەتلەپ ئولتۇرۇپ، ۋاقتىنى ئىسراپ قىلىۋاتىدۇ. قەدىرلىك ياش قېرىنداشلار، «مۇقەددەس كىتاب»تا مۇنداق دېيىلگەن:

> «خەيرلىك ئىشلارنى قىلىش پۇرسىتىنى قولدىن

بەرمەكلار. چۈنكى، ياشاۋاتقان بۇ دەۋرىمىز رەزىل دەۋردۇر»
(«ئەفەسلىكلەرگە يېزىلغان خەت» 5-باب، 16-ئايەت).

دېمەك قەھەتچىلىك يىللىرىدا پەقەت «سۇ بويىغا تىكىلىپ يىلتىز تارتقان دەرەخلا» كۆكىرىپ تۇرالايدۇ. ئەگەر ئالدىراشچىلىق ۋاقتىمىزنى ئالغان بولسا، خۇدا بىلەن لاۋرېنسقا ئوخشاش ھەمىشە بىللە بولۇش، يەنى خۇدا بىلەن ئەڭ ئالدىراش چاغلاردىمۇ بىللە بولۇش بىزنىڭ بىردىنبىر چىقىش يولىمىز. بۇ نېمە دېگەن زور بەخت-ھە!